

كېرىمجان ئابدۇرېھىم، ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

# ئەھمەد زىيائى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-06396-1
9 787228 063963 >

ISBN 7-228-06369-1
I·2346(民文)定价:13.00元

15
I207.22
2

كېرىمجان ئابدۇرېھىم، ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

# ئەھمەد زىيائى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

艾合麦德.孜亚依/克里木江,艾比布拉著.一
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.5
ISBN7—228—06396—1

1.艾... Ⅱ.①克...②艾Ⅲ①艾合麦德.孜亚依—文学研究—维吾尔语(中国少数民族语言)②当代文学—诗歌—文学评论—中国—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1207.22

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第23707号

艾合麦德.孜亚依(维吾尔文)
克里木江,艾比布拉 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 5.875印张4 插页
2001年6月第1版 2001年6月第1次印刷
印数:1—4,000

ISBN7—228—06396—1/I·2346
定价:13.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئا . ئۆمەر
ئەكبەر ئېلى
مۇقاۋىسىنى لاھىيىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# ئەھمەد زىيائى

ئاپتورى : كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5.875 قىستۇرما ۋارىقى : 4
2001 ــ يىل 6 ــ ئاي 1 ــ نەشرى
2001 ــ يىل 6 ــ ئاي 1 ــ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 4,000
ISBN7—228—06396—1/I・2346
باھاسى : 13.00 يۈەن



ئەهمەد زیائی ئیجادیەت ئۆستەدە



ئەھمەد زىيائى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇپ شەرھىلىمەكتە(1983-يىلى)

ئوڭدىن: جاڭ خۇڭچاۋ، ئەھمەد زىيائى، مەھمۇد زەيدى، ليۇ جىشاۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، بۇلۇنتاي، ليۇ بىڭ



ئۈرۈمچى قىزىلتاغدا ئالىملار بىلەن بىللە (1987-يىلى 5-ئاي)



ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە



كىلاسسىك ئەدەبىيات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا (1985 - يىلى)



«تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلماقتا .



1989- يىلى 10- ئاينىڭ 15- كۈنى قەشقەردە ئېچىلغان 2- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي
مۇهاكىمە يىغىنى مەزگىلىدە ئالىملار بىلەن مەھمۇد قەشقىرى قەبرىسىدە.



ياش قەلەمكەشلەر بىلەن بىللە.



ئۆسمۈرلەر بىلەن بىللە



«رابىيە ـ سەئىدىن» نىڭ قەۋرىسى بېشىدا



ئامما ئارىسىدا



«تۆت قېتىم ئۆلۈپ بەش قېتىم تىرىلگەن ئادەم» رومانى ئىجادىيىتى ئۈستىدە (1989- يىلى)

# كىرىش سۆز

20 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 20 يىلىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخي مىراسلارنى يىغىش ۋە رەتلەش، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ چوڭ ساھەدە ئۈچقاندەك تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. تارىخي مىراسلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە رەتلىنىپ ئېلان قىلىنىشى، ئىجادىيەت ئىدىيىسىدىكى ئازادلىق ۋە ئىجادىيەتتىكى گۈللىنىش، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن نەزەر دائىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە كۆپ خىللاشقان ئەدەبىياتلار بىلەن ئۇچرىشىش بىزنىڭ ماركسىزم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخي تەرەققىيات جەريانىنى سىستېمىلىق تۇرغۇزۇپ چىقىشىمىزغا ئىمكانىيەت ياراتتى ھەمدە ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا ئاساس سېلىپ، شارائىت يارىتىپ بەردى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا دەۋرلەر بويىچە تەتقىقات، ئەدىب ۋە ئەسەرلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات، بۇگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. بۇ خىزمەتلەر سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبى قىسمى، ئەلۋەتتە. ئاتمىش نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئىككىنچى ۋەزىپىسى — ماركسچە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، تارىخىي مىراسلىرىمىزنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەنقىدىي رەۋىشتە يەكۇنلەشتىن

ئىبارەت»، «هازىرقى جۇڭگو ئۆتمۈشتىكى جۇڭگونىڭ راۋاجىدۇر؛ بىز تارىخقا ماركسچە قاراش تەرەپدارىمىز، بىز تارىخنى ئۈزۈۋېتەلمەيمىز. بىز كوڭ فۇزىدىن تارتىپ سۇن جۇڭشەنگىچە بولغان پۈتۈن ئۆتمۈشىمىزنى يەكۈنلەپ، بۇ قىممەتلىك مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. بۇ هازىرقى ئۇلۇغ هەرىكەتكە رەهبەرلىك قىلىش ئۈچۈن زور ياردەم بېرىدۇ» («جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللى ئۇرۇشتا تۇتقان ئورنى»، 1938- يىل 10- ئاي). ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلىم ساھەسىنى ئالغا يېتەكلەش، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ «باشتىن ئاخىرى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ تەلىپى بويىچە ئىلمىي تەتقىقاتقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆز خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشىدا يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتاب ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شائىرى، ئالىم ئەھمەد زىيائىي (1913 — 1989) ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى. ئەھمەد زىيائىي كونا جەمئىيەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن نۇرغۇن زىيالىلىرىمىزغا ئوخشاش، ئەگرى - توقاي تۇرمۇش يولىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئۇ ئونبەش يېشىدىلا پارس تىلىدا شېئىر يېزىشنى باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى ئاتمىش يىلغا يېتىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئەھمەد زىيائىي ئۇزۇن مۇددەت ئاخباراتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ جەرياندا، تونۇلغان ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرگە ئىشلىگەن، ئۇ مىللىي ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ ئاساسلىقى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي

ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى تاماملىغان ئاساسلىق ئالىم. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، تىل ۋە ئەدەبىياتقا دائىر مۇھىم قەدىمىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى — بۈگۈنكى دەۋر ئىلىم ساھەسىدە ئەھمەد زىيائىينىڭ تەسىرى زور بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئەھمەد زىيائىي بىلىمى چوڭقۇر، يېتۈك شائىر ۋە ئالىم بولۇپلا قالماستىن يەنە ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زات بولۇپ، ھايات چېغىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغانىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان مەزگىلدە، ئەھمەد زىيائىي ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان گېزىت ئارقىلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە خەلق ھاكىمىيىتىگە ماسلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە مېتودولوگىيىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەردى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە يېتەكچى قىلدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۇ « ‹ قۇتادغۇ بىلىك › ، كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل» ناملىق مەشھۇر ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مەيدانى روشەن ھالدا قىل سىغماس تىل پاكىتلىرى ۋە پۇختا لوگىكىلىق تەپەككۇر كۈچى ئارقىلىق، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئالىملار «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە تارقاتقان پانتۈركىزملىق مەدەنىيەت قارىشىغا كۈچلۈك رەددىيە بېرىپ، بىر ھەقىقىي ئالىمنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتتە دادىللىق بىلەن چىڭ

تۇرۇشتەك قىممەتلىك روھىنى ئىپادىلىدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، مەن ئەھمەد زىيائىي ئەپەندىم بىلەن بىر تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا، ئوخشاش بىر تەتقىقات تېمىسى ئۈستىدە ئون يىلغا يېقىن بىرگە ئىشلىدىم. ئۇنىڭ ئىلىمدىكى يېتۈكلىكى، كىشىلەرگە بولغان كەمتەر ۋە مۇلايىم پوزىتسىيىسى، كەسپىتىكى ئىجتىھاتچانلىق روھى ۋە نام - ئاتاق قوغلاشماسلىقتەك ئېسىل پەزىلىتى، تەتقىقات ئورنىدىكى ھەر مىللەت تەتقىقاتچى خادىملىرىغا ئاز بولمىغان تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى.

«ئەھمەد زىيائىي» ناملىق بۇ كىتاب — بۇ ئالىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى. كىتاب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى قىسىمدا ئەھمەد زىيائىينىڭ ھاياتى، ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىجاد قىلغان «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى— يۇسۇپ ۋە مەھمۇت» داستانى ۋە ئۇنىڭ يېزىپ تاماملانمىغان تارىخىي بىئوگرافىك رومانى «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تېرىلگەن ئادەم» توغرىسىدا نۇقتىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان.

ئىككىنچى قىسىمدا ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان. ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى تېما «رابىيە - سەئىدىن» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق. ئۇ 50 - يىللاردا ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى تۇنجى بولۇپ تونۇشتۇرغان. كېيىن ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ھەقىقىي مۇھەببەت ھېكايىسىنى ماتېرىيال قىلىپ، بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ ئۇنى يېڭى دەۋر

تېمىسىغا ئايلاندۇرغان. كىتابنىڭ 2 ـ قىسمىدا «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ تىلى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەمدە داستان ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، جەمئىيەت ئەھۋالى، فولكلور مەدەنىيىتىگە ئائىت مەزمۇنلار ھەققىدە نۇقتىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان. كىتابنىڭ ئاخىرىغا ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى بېرىلگەن.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرى ئىجتىھاتچان ياش ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى بولۇپ، كېرىمجان ئابدۇرېھىم قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ لېكتورى، ئىلمىي تەتقىقات يۆنىلىشى ھازىرقى ـ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىرقانچە ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان. ھەببۇللا ئابدۇسالام شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى، ئىلمىي تەتقىقات يۆنىلىشى قەدىمكى ـ ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى. ھازىرغىچە بۇ ساھەدە كۆپ ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

90 ـ يىللارنىڭ مابەينىدە، ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىدە خۇشاللىنارلىق ئىشلار يۈز بەردى، ئۇ بولسىمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر تۈركۈم ياش تەتقىقاتچىلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئىجتىھاتچانلىق، تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يېڭى بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى توغرا شەرھلەش ۋە ۋارىسلىق قىلىش يولىدا ھارماي ـ تالماي تىرىشماقتا. كېرىمجان ۋە ھەببۇللا مانا مۇشۇ ياشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇشۇ مۇناسىۋەتتە مەن 21 ـ ئەسىرنىڭ ئىلىم ساھەسىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان بۇ بىر تۈركۈم ياش

تەتقىقاتچىلاردىن: بىرىنچىدىن، بۇ ياشلارنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ پۇختا ئىگىلەپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە تەتبىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پۇتكۇل ئىلمىي تەتقىقاتىغا باشتىن ئاخىرى سىڭدۇرۇشىنى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ياشلارنىڭ ئىلىم ساھەسىدە نەزەر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، جۇڭگونىڭ «دۇنياۋى نەزەر» گە ئىگە ئالىملىرىدىن بولۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشىنى، ھەر خىل ئالىڭ، مەدەنىيەت ئېقىملىرى كەسكىن تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۇگۈنكى دەۋردە، ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن، باشتىن ئاخىرى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىپ، كىشىلەرگە چوڭقۇر ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشىنى؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ ياشلارنىڭ داۋاملىق يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، جوڭگۇچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لىۇ بىن

2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى
ئۈرۈمچى

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............................................ (1)
مۇقەددىمە ................................................... (1)

### بىرىنچى قىسىم
### ئەھمەد زىيائىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى

1. ئەھمەد زىيائىينىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ......... (5)
2. ئەھمەد زىيائىينىڭ ئىجادىي پائالىيىتى .............. (13)
3. ئەھمەد زىيائىينىڭ لىرىكىلىرى ...................... (20)
4. «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇت» داستانى ........................................ (37)
5. تارىخىي رومان «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» ................................................ (53)
6. ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتى ................................................................ (69)

### ئىككىنچى قىسىم
### «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ھەققىدە تەتقىقات

1. مۇقەددىمە .............................................. (77)
2. ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىدە رابىيە ـ سەئىدىن تېمىسى ................................................................ (79)

3. ئەھمەد زىيائىي ۋە ئابدۇرېھىم نىزارى ............... (86)
4. ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى
.......................................... (98)
5. «رابىيە - سەئىدىن» داستانىدىكى سۇژىت ......... (101)
6. شائىرنىڭ ئوبراز يارىتىش سەنئىتى ............ (107)
7. داستاندىكى تارىخقا مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەر ...... (126)
8. داستاندىكى فولكلورغا مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەر
.......................................... (132)
9. داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئەدەبىي ھايات ............ (137)
10. داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دىداكتىك پىكىرلەر
.......................................... (144)
11. داستاندىكى لىرىك تەركىبلەر ..................... (150)
12. داستاندا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغلىنىشى
.......................................... (157)
13. شائىرغا، داستانغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇچۇرلار ... 162)
14. داستاننىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى
.......................................... (167)
قوشۇمچە (1) ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى
.......................................... (174)
قوشۇمچە (2) پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار .......... (178)

# مۇقەددىمە

ئەھمەد زىيائىينىڭ مۇبارەك نامى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامانىدىكى ئىلىم ساھەسىدە، ئەدەبىيات تارىخىدا ھۆرمەت بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ ئۆمۈر مۇساپىسىدا ئۇخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى، ئاجايىپ قىسمەتلەرگە يولۇقتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ۋەتەن، خەلقنى كۈيلەش، ھاياتىدىن قىممەتلىك مەنا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بىر ئالىمغا خاس تۆھپىكارلىقنى، بىر شائىرغا خاس ئىجادكارلىقنى نامايان قىلدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى - بۈگۈنكى زامان تارىخىدا يېتىشىپ چىققان مول بىلىملىك، شۇنداقلا كۆزگە كۆرۈنگەن تىل ۋە ئەدەبىيات ئالىمى بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئاز بولمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى، قىممەتلىك مىراس — «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ خەلقىمىز بىلەن قايتىدىن يۈز كۆرۈشىشىگە ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ شېئىرىيەت ساھەسىدە «توزىماس چېچەكلەر» ماۋزۇسى ئاستىدىكى شېئىرلىرى، «رابىيە- سەئىدىن» داستانى ۋە «ئۇلۇغ ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇت» داستانى قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. مۇشۇنداق بىر ئالىمنىڭ، شائىرنىڭ ھايات مۇساپىسى، ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى، ئىجادىي ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق

قىلىش بۈگۈنكى ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

— ئاپتوردىن

# بىرىنچى قىسىم

# ئەھمەد زىيائىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى

# 1. ئەھمەد زىيائىينىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى

بەزى كىشىلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ھاياتىنى ئىلىم - مەرىپەتسىز، كىتابسىز، ئالىمسىز بىر جاھالەت دەۋرى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. ئەمما، مۇشۇنداق جاھالەت، نادانلىق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان دەۋرلەردىمۇ خۇددى تۇندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئاز بولمىغان مەدرىس-مەكتەپلەر، كۇتۇپخانىلار، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم - ئەدىبلىرىمىز يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەرىپەت مەشئەللىرىنى يېقىپ، جاھالەتلىك تۇرمۇشقا، خەلقنىڭ قاراڭغۇ قەلبىگە ئىلىم نۇرلىرىنى چاچقانىدى. ئاشۇ دەۋر رېئاللىقىدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا خۇددى بىر مۆجىزە سۈپىتىدە بىر ئېسىل كۇتۇپخانا قەد كۆتۈردى. مۇشۇ ئەسىردىكى داڭلىق ئالىم ۋە شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان ئەھمەد زىيائىينى مانا مۇشۇ كۇتۇپخانا ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان موللاخۇن ھاجىم ئىلىم دۇنياسىغا باشلاپ كىردى.

ئەھمەد زىيائىينىڭ دادىسى موللاخۇن ھاجىم ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. ئۇ ئون بەش يېشىدا ھەج قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە مەككىگە بېرىپ، شۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالغان. ئۇ مەككە ۋە مەدىنىدىكى مەشھۇر ئالىملارنىڭ تەربىيىسىدە ئون ئىككى يىل ئوقۇپ، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلەپ قايتىپ كەلگەن. ئۇ دەسلەپ قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىسلەردە مۇدەررىسلىك قىلغان.

كېيىن ئۆز يۇرتىغا كېتىپ، ئۇ يەردە چوڭ بىر مەدرىس بىنا قىلغان. ئىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە ئالىي بىلىملەر بېرىلىدىغان بۇ مەدرىستە ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن نۇرغۇن ئىلىم تەلەپكارلىرى بىلىم ئالغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، موللاخۇن ھاجىم مەدرىس بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە مەدرىس يېنىغا چوڭ بىر كۇتۇپخانا قۇرغان. بۇ كۇتۇپخانىدا ھەر خىل تىل - يېزىقلاردىكى دىن، تارىخ، پەلسەپە، ئەدەبىياتقا دائىر ئۈچ مىڭ پارچىدىن كۆپرەك كىتاب ساقلانغان. كۇتۇپخانىغا بۇ كىتابلاردىن باشقا يەنە تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە چىقىدىغان نۇرغۇن گېزىت - ژۇرناللارمۇ قويۇلغان. ئاشۇ يىللاردا مۇشۇنداق بىر كۇتۇپخانىنىڭ قۇرۇلۇشى، سۆزسىزكى، شۇ دەۋر مەدەنىي ھاياتىدىكى چوڭ بىر ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، موللاخۇن ھاجىم ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى تونۇلغان شائىرلىرىدىن بولغان. ئۇ «خۇمۇلى» (بۇلۇڭدا ئولتۇرغۇچى) دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلىپ ئاز بولمىغان شېئىرلارنى يازغان. ئۇ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىللىرىدا يازغان بولۇپ، مەيلى قايسى تىلدا، قايسى مەزمۇندا يېزىلغانلىرى بولسۇن، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، يۇقىرى پاساھىتى بىلەن شۇ دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ خېلى ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان. شائىر خۇمۇلى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇستا خەتتات بولغان، تارىخ ھەققىدە ۋە باشقا پەنلەر ھەققىدىمۇ ئەسەرلەرنى يازغان. موللاخۇن ھاجىم گەرچە «بىر بۇلۇڭدا» ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، زىيالىي سۈپىتىدە شۇ دەۋرنىڭ گىگانتلىرىدىن بولغان ئابدۇقادىر داموللا، تەجەللى قاتارلىق مەشھۇر ئالىم، ئەدىبلەر بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلغان. ئۇ ئاشۇ مەدرىس كۇتۇپخانىسى ۋە ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، ئىلغار ئىدىيىسى ئارقىلىق

ئاشۇ يىللاردا نەچچە مىڭ كىشىنى ئىلىم بىلەن تەربىيىلەپ چىققان.

ئەھمەد زىيائىي 1913- يىلى 4- ئايدا مانا مۇشۇنداق مەرىپەت مۇھىتىدا، ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ كىتابلار ئارىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە موللاخۇن ھاجىم پەرزەنتلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە ئەدەبىيات كەسپى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىگەنىدى. كۇتۇپخانىدىكى ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىغا، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر ئەھمەد زىيائىيغا ئاجايىپ مەنىۋى ئوزۇقلارنى بەردى. ئىلمىي، ئەدەبىي ھاۋاسى قويۇق ئائىلە شارائىتى، شائىر دادا، كۇتۇپخانىدىكى ئىسىل ئەسەرلەر ئەھمەد زىيائىينىڭ گۆدەك قەلبىگە ناھايىتى چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى ئىلىم ساھەسىگە، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە باشلاپ كىردى. بۇ ھەقتە ئەھمەد زىيائىي ئۆزى مۇنداق دېگەنىدى: «دادامنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى توغرا بولغاچقا، مەن يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەندە خېلى كۆپ ئىلىملارنى ئۆگىنىپ بولغانىدىم. كېيىنكى چاغلاردا خەلققە ۋە مىللەتكە ئاز - تولا خىزمەت قىلالىشىمدا دادامنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىن باشلاپلا مېنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تەربىيىلىشى ۋە چېنىقتۇرۇشى ئالاھىدە رول ئوينىغان»، «مۇشۇنداق ياخشى شارائىت خانىئېرىق يېزىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان مېنىڭ بىلىم ئىگىسى بولۇپ يېتىلىشىم، جۈملىدىن كېيىنكى ئەگرى - توقايلىق سىياسى ھاياتىم ۋە ئەدەبىي، ئىلمىي ھاياتىمدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى».

ئەھمەد زىيائىي 1935- يىلى قەشقەردە داڭلىق مەرىپەتچى، شائىر، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى باش مۇھەررىرلىكىدە چىقىۋاتقان «يېڭى ھايات گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرلىكىگە ئورۇنلاشتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ

ھاياتىدىكى ناھايىتى چوڭ بىر ۋەقە بولدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز دېمەي گېزىتخانىدا تۇرۇپ ئىشلەپ، كۆچۈرۈش، تەھرىرلەش، تەرجىمە قىلىش، ماقالە يېزىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، گېزىتچىلىك ئىشلىرىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. ئەمما، ئەھمەد زىيائىي بىلەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ گېزىتچىلىك ئىشلىرىدىكى ھەمكارلىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. 1937- يىلى ئاپرېلدا قەشقەردىكى خوجا نىياز ھاجى ئەسكەرلىرىگە باش بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەھمۇد سىجاڭ شېڭ شىسەينىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىپ، ئۇرۇمچىگە بېرىشتىن باش تارتىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. شېڭ شىسەي مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ قەشقەردە چوڭ تۇتقۇن ئېلىپ باردى. ئاشۇ قېتىمقى چوڭ تۇتقۇندا قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، ئۇنىڭ ئىنىسى مۇسا ئاخۇن ۋە گېزىتخانىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن گېزىتنىڭ ھەممە ئىشلىرى دېگۈدەك ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. ئەمما، ئۇ جاپادىن، ھەر خىل قېيىنچىلىق - توسالغۇلاردىن قورقماي بۇ گېزىتنى ئىزچىل نەشر قىلدى، كېيىنچە گېزىتنىڭ نامى «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى، ئەھمەد زىيائىي 1943- يىلىغىچە مەزكۇر گېزىتنىڭ تەھرىرى ھەم باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە ئۆزى يازغان ياكى تەرجىمە قىلغان جەڭگىۋار ماقالىلەر ۋە گېزىتنىڭ جانلىق سەھىپىلىرى ئارقىلىق خەلقنى نادانلىقتىن ئويغىنىشقا دەۋەت قىلغان، شۇ دەۋر رېئاللىقىدىكى مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدىغان فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى خەلققە تونۇتۇپ، خەلقنىڭ كۈرەش روھىغا ئىلھام بەرگەن، دۇنيادىكى، ۋەتىنىمىزدىكى يېڭىلىقلارنى، ئاساسلىق يۈزلىنىشلەرنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىش

روللىرىنى ئوينىغان. ئەھمەد زىيائىينىڭ تىرنىشچانلىقى بىلەن گېزىتنىڭ مەزمۇنى مولىلىشىپ، سەھىپىلىرى رەڭدارلىشىپ، ئىجتىمائىيلىقى كۈچىيىپ بارغاچقا، ئۇنىڭ تىرازى ئەڭ كۆپ بولغاندا 38 مىڭغا يېتىپ، شۇ چاغلاردىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تىرازىدىن ئون نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان.

ئەھمەد زىيائىينىڭ گېزىتچىلىك ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى، خەلق قەلبىدىكى ھۆرمىتى ھۆكۈمران دائىرىلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. 1943- يىلى شېڭ شىسەي ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ، ئەھمەد زىيائىينى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىلدى. بۇيرۇق بويىچە ئەھمەد زىيائىي شۇ يىلى 4- ئايدا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىندى ھەمدە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، مۇھەررىرلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ دەسلەپ 2- بەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن بولسا ئەدەبىي بەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلدى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئەھمەد زىيائىي گېزىت سەھىپىلىرىدە ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. ئەمما، ئۇ گېزىتخانىدا ئۇزۇن ئىشلىيەلمىدى، 1944- يىل 4-ئايدىكى چوڭ تۇتقۇندا ئەھمەد زىيائىيمۇ نەچچە مىڭلىغان ھەر مىللەت زىيالىلىرى قاتارىدا تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە قامالغانچە، 1946- يىل 5- ئايدا سىياسىي مەھبۇسلار ئومۇمىيۈزلۈك قويۇپ بېرىلگەنگە قەدەر ئىككى يىلدىن كۆپرەك تۈرمىدە ياتتى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

ئەھمەد زىيائىي قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تەقىبىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىر دائىرىسى قەشقەر تەرەپلەرگىمۇ كېڭەيگەن، تاشقورغان، بۇلۇڭكۆللەرنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئۆز

قولىغا ئالغان مەزگىللەر ئىدى. شۇڭا، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرگە، نوپۇزلۇق ئادەملەرگە بولغان تەقىبىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. بۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق مۇھىتتا ياشاشقا چىدىيالمىغان ئەھمەد زىيائىي ئۆزىنى بىر مەزگىل چەتكە ئېلىش ئۈچۈن سودا كارۋىنى تەشكىللەپ، لاداخقا سەپەر قىلدى. بۇ مەزگىللەردە لاداخقا قاتنايدىغان سودا كارۋانلىرى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلغان ئامېرىكا ئاپتوموبىل بالونلىرىنى توشۇيتتى. ئەھمەد زىيائىي گەرچە لاداختىن ئاپتوموبىل بالونلىرى ئېلىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى چوڭ ئىقتىسادىي پايدىغا ئېرىشتى.

ئەھمەد زىيائىي 1947 - يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەر ۋالىسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئەمما، بۇ گېزىت ئىنقىلابى ئاڭ ۋە نەزەرىيىلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاققا بارماي گومىنداڭ تەرەپ بۇ گېزىتنى نەشر قىلىشنى توختىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئەھمەد زىيائىينىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئاڭ» گېزىتى نەشر قىلىندى، بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يەنىلا ئەھمەد زىيائىي بولدى. بۇ گېزىت ئىنقىلابىي ئاڭ، نەزەرىيىلەرنى تەشۋىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

ئەھمەد زىيائىي 1948- يىلى گومىنداڭ مەركىزى قانۇن تۈزۈش كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ نەنجىڭگە بېرىپ نەنجىڭدا بىر مەزگىل تۇردى. نەنجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن داۋاملىق «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باشلىقى، مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ئۇ ھەقىقەتنى ياقىلاپ، تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا تىرىشچانلىق

كۆرسەتتى. بۇ ھەقتە ئۇ ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «. . . ‹قەشقەرگە ئازادلىق ئارمىيە كەپتۇ›، دېگەن خەۋەر تارقالدى. مەن گېزىتخانا باشلىقى سالاھىيىتىم بىلەن ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋالدىم. شۇ قېتىمدا قەشقەر خەلقىدىن نەچچە مىڭ ئادەم يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قىزغىن ئالقىشلار بىلەن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قەشقەرگە كىرىشىنى قارشى ئالدۇق. . . بۇ جەرياندا مەن قانداق قىلغاندا ‹قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى› نى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرى ۋاڭ ئېنماۋدىن يوليورۇق سوراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز مەسئۇللۇقۇمدىكى گېزىت ئارقىلىق ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشقا باشلىدىم ھەمدە ئۆزۈمنىڭ قەشقەردىكى قولايلىق ئىجتىمائىي ئورنۇمدىن پايدىلىنىپ، قەشقەرنىڭ تىنچ ھالدا يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشىغا كۈچ چىقاردىم».

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئەھمەد زىيائىي ھاياتىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرى باشلاندى. ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە يەنىلا «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلەپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تەشۋىقات - مەتبۇئات ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. كېيىنچە بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى شاھانە ئەسەرلەر ھېسابلىنىدىغان «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» لەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا ئوخشاش ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. 1957- يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلىدى ۋە بۇ ھەقتە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. پارتىيە مەركىزى كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن

كېيىن ئەھمەد زىيائىينىڭ ھەقىقىي ئىلمىي ۋە ئىجادىي ھاياتى باشلاندى. دەۋر ئۇنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارىنى، ئىجادىيەت تالانتىنى نامايان قىلىشقا چەكسىز مۇمكىنچىلىكلەرنى يارىتىپ بەردى. ئۇ 1980- يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنىستىتۇتىدا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلىنىپ، بۇ يەردە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى، «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللاندى. مۇشۇ يىللاردا ئۇ يەنە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلمىي ئەسەرلەرنى چەت تىللاردىن تەرجىمە قىلدى، ھەمدە «رابىيە - سەئىدىن»، «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇت» قاتارلىق نادىر داستانلارنى ئىجاد قىلدى.

بارلىقىنى ئىلىمگە ۋە ئىجادىيەتكە بېغىشلىغان بۇ مەشھۇر ئالىم، شائىر خەلقىمىزگە قىممەتلىك ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مىراس قالدۇرۇپ، 1989- يىل 10-ئاينىڭ 27- كۈنى ئۇرۇمچىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## 2. ئەھمەد زىيائىينىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئەھمەد زىيائىي شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ تەخمىنەن ئاتمىش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت شېئىر يازدى. ئاتمىش يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئارقىلىق ھېسابتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامان، بۈگۈنكى زامان ۋە يېڭى دەۋردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان باسقۇچىدا ئۇ شۇ دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى بولغان بولسا، بۈگۈنكى زامان باسقۇچىدا شۇ دەۋر شائىرلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازى بولدى؛ ئەمدى يېڭى دەۋر باسقۇچىغا كەلگەندە بولسا قېرىماس شېئىرى تالانتى ۋە ئىجائىتىنى نامايان قىلىپ بۇ دەۋر شېئىرىيىتىگە چوڭ تۆھپە قوشقان تۆھپىكار شائىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ خەلقىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە ئىگە شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭمۇ شۇنىڭغا لايىق ئىجادىي ئەمگىكى، قوشقان تۆھپىسى ۋە تۆلىگەن بەدىلى بار. ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە مۇنەۋۋەر ئەسىرى ئەدەبىيات خەزىنىمىزنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مىراسلار كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە جۇملىدىن ناھايىتى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

ئائىلىسىدىكى ناھايىتى قويۇق ئىلمىي ۋە ئەدەبىي مۇھىت ئەھمەد زىيائىينى بالدۇرلا شېئىرىيەتكە ھەۋەسلەندۈردى. ئۇ شائىر

دادىسى خۇمۇلىدىن شېئىرىيەتنىڭ نەزەرىيىۋى، ئەمەلىي مەسىلىلىرى بويىچە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەندى، خۇمۇلىمۇ بۇ ئوغلىنى قاتتىق تەلەپ بىلەن ئەتراپلىق تەربىيىلىدى. ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقلارنىڭ ۋە تەربىيىلەشلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئەھمەد زىيائىي ئۇن ياشلارغا كىرگەن چاغلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەرەب ، پارس تىللىرىدىمۇ خېلى ياخشى شېئىرلارنى يازالايدىغان بولدى. موللاخۇن ھاجىم ھەر يىلى قىشتا ۋە باھاردا تالىپلار ئارىسىدا شېئىر يېزىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى سىنايتتى ۋە ماھارىتىنى چېنىقتۇراتتى. بىر قېتىم قىشلىق شېئىر يېزىش مۇسابىقىسىدە ئۇ تالىپلارغا پامىر، كوئېنلون تاغ تىزمىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قارلىق تاغ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ شېئىر يېزىشنى تاپشۇرغاندا، ئەھمەد زىيائىي پارس تىلىدا تۆۋەندىكى مىسرالارنى يېزىپ، باھالاش ئارقىلىق بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن:

ئەجرامى كوھھاستت ناھان گەشتە زىرى بەرىف،
چۇن پۇنبەدا نەكى دەر پۇتبەھەسەت ناھان.
(مەنىسى: تاغلارنىڭ گەۋدىسى قار ئاستىغا شۇنداق يوشۇرۇنۇپتىكى، خۇددى چىگىت پاختا ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك)

ئەھمەد زىيائىي ئاشۇ يىللاردا ئاز بولمىغان قىسقا شېئىرلارنى يېزىش بىلەن بىرگە يەنە 1928- يىلى «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستاننى يازدى. بۇ داستاندا تۇنجى قېتىم «زىيائىي» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى قوللاندى. بۇ داستاننىڭ قول يازما نۇسخىسى كىشىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ۋە كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغانىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1935- يىلىدىن تارتىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ شېئىر

يېزىش بىلەن بىرگە يەنە ھەرخىل ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى، ئوبزورلارنى يېزىپ تېزلا تونۇلدى.

ئەھمەد زىيائىي ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ ھوسۇللۇق ئىككى دەۋرى بولدى. بۇنىڭ بىرى 40- يىللار، يەنە بىرى 80- يىللار.

40- يىللار ئەھمەد زىيائىي ھاياتىنىڭ قىسمەت-سەرگۈزەشتىلەرگە باي بىر دەۋرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەھمەد زىيائىي بۇ مەزگىللەردە ئىجادىيەت ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، ئۆز ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يازدى. ئەھمەد زىيائىينىڭ بۇ مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىنىڭ دىققەتكە سازاۋەر بىر تەرىپى شۇكى، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر — شەكىللىرىدە دېگۈدەك ئەسەر يېزىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى ژانىر - شەكىل جەھەتتىن بېيىتىشقىمۇ كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى. 40- يىللاردا ئەھمەد زىيائىي شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى ئاساس قىلىپ، «يۇرت ئەل ئۈچۈن»، «ئاختۇرۇپ يۇردۇم مەھبۇبنى»، «ھەيرەت ئىچىدە»، «قېنى تاڭنىڭ نەسىمى»، «جاھان لەنگەر»، «گۈل تولا گۈللۈكتە، ئەمما»، «يار كېلۇر» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېسىل لىرىكىلارنى يازدى. بۇ شېئىرلار شۇ دەۋرلەردىكى لىرىك شېئىرىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلغانىدى. ئەھمەد زىيائىي بۇ يىللاردا يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «قاراڭغۇ كۈنلەر، نۇرلۇق ھايات»، «ۋاڭ جىڭۋېي»، «رابىيە - سەئىدىن» قاتارلىق دراما - ئوپېرالارنى يازدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسى سەھنىلەردە كۆپ ئوينىلىپ، ئەينى يىللاردىكى مەدەنىي ھاياتنى بېيىتتى، شۇنداقلا خەلقنىڭ

زۇلۇمغا، زالىملارغا قارشى كۆرەش قىلىش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى. بەزى تەتقىقاتچىلار يەنە ئەھمەد زىيائىينىڭ ئاشۇ يىللاردا «تۇرمۇش سازىنىڭ بۇزۇق پەدىسى»، «پىداكارلىق مېدالى» قاتارلىق داستانلارنى يازغاندىن سىرت يەنە «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق شېئىرى رومان يازغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ئەمما، بۇ ئەسەرلەر ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن يوقىلىپ كېتىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى. ئەھمەد زىيائىي مۇشۇ يىللاردا يەنە «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى، «ياش غۇنچىلارغا ياردەم» دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدا بىر قىسىم مۇھاكىمە ماقالىلىرى ۋە ئەدەبىي ئوبزورلارنى يازدى، «تالڭ (قەنت) پاجىئەسى» ناملىق ھېكايىنى ئېلان قىلدۇردى. كېيىنچە يەنە «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق پوبلىستىك ئەسىرىنى، «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يېزىپ چىقتى. 1947-يىلى «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى» مەتبەسىدە ئەھمەد زىيائىينىڭ «تونىماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار ۋە دراما توپلىمى، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق پوبلىستىك ئەسىرى، «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ساياھەت خاتىرىسى بېسىلىپ چىقتى. بۇ ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى شۇ چاغلاردىكى مەدەنىي ھاياتتىكى، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى چوڭ بىر ۋەقە بولغانىدى.

80- يىللار ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر گۈللەنگەن، ھوسۇللۇق مەزگىلى بولدى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئۇچۇن ناھايىتى ياخشى ئىجادىيەت، تەتقىقات شارائىتى يارىتىلدى. گەرچە بۇ مەزگىلدە ئۇ ئاللىقاچان يەتمىش ياشقا كىرىپ قالغان، سالامەتلىكىمۇ ناچارلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، ئىجاد قىلىپ

ئاجايىپ قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. بىر قىسىم كىشىلەر ئەھمەد زىيائىينى 40- يىللارنىڭ شائىرى دەپ بىلىدۇ. ئەمما، ئۇ 80- يىللاردا 40- يىللاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ يىرىك، تېخىمۇ قىممەتلىك ئىجادىيەت ۋە تەنقىــقات نەتىجىلىرىنى ياراتتى. ئۆز ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى 80- يىللاردا يازدى. شۇڭا، ئۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى يېڭى دەۋر شائىرلىرىمىزنىڭ بىــرى دەپ قارىشىمىز، باھالىشىمىز كېرەك.

ئەھمەد زىيائىي 80- يىللاردا ئاساسلىق زېھنى كۈچىنــى مۇنداق ئىككى ئىشقا مەركەزلەشتۈردى: بۇنىڭ بىرى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەش ۋە بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بولدى؛ يەنە بىرى، داستان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بولدى. دېگەندەك ئۇ ھەم «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى نەتىجىلىــك ئىــشلەپ بۇ جەھەتتە چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، قىممىتى يۇقىرى تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازدى ھەم ئۇيغۇر داستانچىلىق تارىخىدا ھەقىقەتەن يېگانە ئەسەرلەر ھېسابلىنىدىغان «رابىيە - سەئىدىن»، «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇت» داستانلىرىنــى يېزىپ تاماملىدى. مانا مۇشۇ ئىككى داستاننىڭ ئۆزىلا ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان غايەت چوڭ تۆھپىســى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىللاردا ئەھمەد زىيائىي مەيلى تەتقىقاتتا بولسۇن، مەيلى ئىجادىيەتتە بولسۇن چوڭ تېمىلارغا تۇتۇش قىلغانلىقى ئۈچۈن لىرىكىلارنى كۆپ يازالمىدى. ئەمما، سانى ئاز بولغىنى بىلەن ساپاسى يۇقىرى بولغان لىرىكىلىرىدا دەۋرنى، ئىلىم - مەرىپەتنى، ۋەتەن - خەلقنى قىزغىن مەدھىيىلىدى.

ئەھمەد زىيائىي چوڭ ھەجىملىك داستانى «ئىــلمىي

ئابدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇت» نى قولدىن چىقارغان ۋاقتىدا قىرلىق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالاقاچان ھالىدىن كەتكەنىدى. ئەمما، ئۇ قەلىمىنى تاشلىماي ئاخىرقى تىنىقلىرى قالغۇچە «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» ناملىق ئاپتوبىئوگرافىك رومانىنى يازدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆمرى بۇ ئەسەرنى يېزىپ تاماملاشقا يار بەرمىدى.

ئەھمەد زىيائىينىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئەسەرلىرى تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتكەن ھەم ھېلىغىچە نەشر قىلىنماي تۇرۇۋاتقان ئەسەرلىرى ئۇچۇن كىشىنىڭ ئىختىيارسىز كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. بىز ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ 40- يىللاردا يازغان ئەسەرلىرىدىن «توزىماس چېچەكلەر» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم شېئىرلىرى بىلەن «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسىدىن باشقىلىرىنى كۆرەلمەيمىز. ئۇنىڭ ئاشۇ يىللاردا يېزىلغان، بېسىلغان «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە»، «لاداخ يولىدا كارۋان» قاتارلىق كىتابلىرى، ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ھازىر ھېچ كىشىنىڭ قولىدا يوق. شۇ سەۋەبتىن كېيىن (1987-يىلى) نەشر قىلىنغان «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» ناملىق توپلاممۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق توپلام بولماي قالدى.

ئەھمەد زىيائىي ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئىجادىيەتتە ئاساسەن مەڭگۈلۈك تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلدى، ئۇ ئىجابىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئەسەرلەرنى دەۋرنىڭ، تارىخنىڭ سىناقلىرىغا، خەلقنىڭ باھالىشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سەۋىيىدە يېزىشقا تىرىشتى. بۇ ھەقتە شائىر ئۆزى مۇنداق دېگەنىدى: «. . . نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ شېئىرلىرىمىز بۈگۈنى يازساق ئەتىسى تەرەتخانىدا يۈرۈيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئابدۇراخمان جامىنىڭ شېئىرلىرىنى بەش - ئالتە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ

كىشىلەر يەنىلا سۈيۈپ ئوقۇيدۇ؟ بۇنىڭ سىرى زادى نەدە؟ بۇنىڭ سىرى: ئەدەبىياتتا، يازغۇچى ئەڭ ئالدى بىلەن ھەقىقەتنى قولىدا چىڭ تۇتۇشى، ئەسەرلىرىدە ھەقىقەتنى بايان قىلىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ھەقىقىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ». ئەھمەد زىيائىينىڭ بۇ قارىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئەمەل قىلغان ئىجادىيەت پىرىنسىپى ئىدى. ئەھمەد زىيائىي يېڭى پىكىر بولمىسا، ئەسەرلىرىدە بىرەر يېڭىلىـــــق يارىتىشقا كۆزى يەتمىسە ئەسەر يازمىدى. يازغان ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىغا قانچە ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، بەدىئىي ماھارەتلىرىگىمۇ شۇنچە ئەھمىيەت بەردى. پىشمىغان ئەسەرلەرنى ئالدىراپ قولدىن چىقارمىدى، ئەسەرلەرنى قايتا ـ قايتا ئىشلەشنى ئۆزىگە ئادەت قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئادىتى ھەققىـــدە توختالغاندا: «ئەسەرلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى بىر ئىككى ـ قېتىم، بەزىلىرىنى تۆت ـ بەش قېتىم ئۆزگەرتىمەن ، قايتا ـ قايتا تۈزىتىمەن. مەسىلەن، ‹ رابىيە ـ سەئىدىن › داستانىنىڭ كۆپ يەرلىرى تۆت ـ بەش قېتىم ئۆزگەرتىلدى، ‹ نەي ساداسى › ناملىق شېئىرىم ئالتە ـ يەتتە قېتىم تۈزىتىلدى» دېگەنىدى.

## 3 . ئەھمەد زىيائىينىڭ لىرىكىلىرى

ئەھمەد زىيائىي شېئىرىيەت ساھەسىدە «توزىماس چېچەكلەر» توپلىمىدىكى لىرىكىلىرى بىلەن 40- يىللاردىلا داڭ چىقارغان ۋە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاساسەن قىسقا شېئىرلار - لىرىكىلار تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئورنىنى ئۇنىڭ خەلق كۆڭلىگە ياققان لىرىكىلىرى بەلگىلىدى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەھمەد زىيائىينىڭ پۈتۈن لىرىكا ئىجادىيىتى ئىددىيىۋىلىك جەھەتتە بولسۇن ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن بىر خىل ئىزچىللىقنى شەكىللەندۈرگەن، بۇنداق ئىزچىللىق ئۇنىڭ لىرىكىلىرىنى روشەن ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە قىلغان. ئەلۋەتتە شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇنداق شېئىرلاردا ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ھايات، مەنىۋى كەيپىيات، دەۋر ئاتا قىلغان ھېس تۇيغۇلار ئوخشىمىغان مەزمۇنلاردا ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ چوڭقۇر لىرىك ھېسسىياتى، دىداكتىك تەشەببۇسلىرى، ئەخلاقىي قاراشلىرى، پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى خېلى يۇقىرى شېئىرىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن. شېئىرلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر - ئىدىيىلەر، ئىلگىرى سۈرۈلگەن خاھىش - تەشەببۇسلار بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى ھەرخىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر، جانلىق ھېسسى ئوبرازلار ئارقىلىق شۇنداق پاساھەتلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەر بىر لىرىكا

شائىرنىڭ كامالەتكە يەتكەن، كلاسسىك شېئىرىيەت ئالاھىدىلىكىگە باي بولغان ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

ئەھمەد زىيائىي بارلىق لىرىكىلىرىنى «توزىماس چېچەكلەر» دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ بىلەن ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇ تۈنجى شېئىرلار توپلىمىغا ئاشۇ ماۋزۇنى ئىشلەتكەن. 1985-يىلى هاجى ئەهمەد كولتىگىن ئەهمەد زىيائىينىڭ ئىجادىيىتى هەققىدە ماقالە يېزىپ، ماقالىسىگە ئاشۇ «توزىماس چېچەكلەر» دېگەن ئىسمىنى ماۋزۇ قىلىپ قوللانغاندا شائىر مۇشۇ ماۋزۇ ئۈچۈنمۇ كۆپ سۆيۈنگەن. 1987- يىلى «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى» نەشر قىلىنغاندا شائىر كونا - يېڭى شېئىرلىرىغا يەنىلا «شۇ توزىماس چېچەكلەر» دېگەن ماۋزۇنى قويغان.

ئەگەر بىز شائىرنىڭ «توزىماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئاچىدىغان بولساق، نەزىرىمىز ئالدى بىلەن ئۈنىڭدىكى «يۇرت - ئەل ئۈچۈن» دېگەن شېئىرغا چۈشىدۇ:

يۇرت - ئەل ئۈچۈن تارتقان ئەلەمنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.

خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

تىرىشىپ ئالغا چەكسە ھەم مېھنەت،
تارىخ چەرخىنى ئالغا سۈرگۈلۈك.

مانا مۇشۇنداق مىسرالاردىن تەشكىل تاپقان بۇ شېئىردا شائىر يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ، ۋەتەن، خەلقنىڭ تەقدىرى، مەنپەئىتى

ئۇچۇن جان پىدا قىلىش ، ۋەتەن، خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىش ئىرادىسىنى جاكارلىغان. ئەلۋەتتە، بۇ مۇشۇ شېئىردىكىلا پىكىر ئىدىيە ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ هايات قەسىمى، شائىر مۇشۇ قەسەمگە بىر ئۆمۈر ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋەتەن، خەلقنىڭ ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەبىيات ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. بۇ شېئىردا شائىر يەنە «هايات كۆرەشتىن ئىبارەت ئېرۇر، . . . مۇراد غۇنچەسىن زاماندىن ئۈزگۈلۈك» دېگەن ئىدىيىلەرنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. ئەھمەد زىيائىي شائىرلىقىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى شۇكى، ئۇ تىلى بۆلەك، دىلى بۆلەك شائىر ئەمەس، دېگىنىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلايدىغان، ئىسمى جىسمىغا لايىق شائىر. خۇددى يۇقىرىقى مىسرالىرىدا يازغىنىدەك، شائىر ئۆز ئەمەلىيىتىدىمۇ هايات ئۈچۈن كۆرەش قىلدى، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئىلمىي، ئىجادىي ئەمگەك نەتىجىلىرىنى زامانىنىڭ بوينىغا زۇننار قىلىپ ئاستى.

ئەھمەد زىيائىي 40- يىللاردا يازغان شېئىرلىرىدا، بىر خەلقپەرۋەر شائىر سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشت تەقدىرىگە، خانىۋەيران تۇرمۇشىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى، خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراپ قېنىنى ئىچكەن زالىم ھۆكۈمرانلارغا بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىدى. ئەمما، شائىر بۇنداق پىكىر-مەزمۇنلارنى بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى «يار ۋەسلى» «تاڭ شامىلى» دېگەندەك كلاسسىك شەكىلدىكى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويدى. پىكىر- مەزمۇننى بۇنداق بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش، شۇ دەۋردە يېڭىدىن شەكىللەنگەن هازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقانىدى.

شائىر ئۆز لىرىكىلىرىدا مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

ئاختۇرۇپ مەھبۇبنى يۇردۇم سۆيگۈ گۈلزارى ئارا،
تاپمىدىم ھېچ بىر چىمەندىن يارنى مەن بەختى قارا.
. . .
ئۆيلىغاچ بۇ نۇقتىنى بىلدى زىيائىي شۇنىكىم،
شۇ سەۋەبتىنكى داۋاملىق باغرى دەرد ـ غەمدىن يارا.
«ئاختۇرۇپ يۇردۇم مەھبۇبنى» دىن.

قىينى تاڭنىڭ نەسىمى كەتسە كۆڭلۈمنى باھار ئەيلەپ،
خازان بولغان يۈرەكنى قايتىدىن بىر لالەزار ئەيلەپ.

قىزىل گۈل غۇنچىسىدەك دەردلى كۆڭلۈم تەھبەتە قاندۇر،
ئۇمىدىم بۇلبۇلىغا ئۆتتى ئۆمرۈم ئىنتىزار ئەيلەپ .
«قىينى تاڭنىڭ نەسىمى» دىن.

بۇ مىسرالاردا كۆرۈنۈشتە لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ يار ۋەسلىگە بولغان ئىنتىزارلىقى، دەرد ـ غەملىك قەلبى، تاڭ شامىلىغا بولغان ئۇمىدى ئىپادىلەنگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شائىر مۇشۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلەملىك تۇرمۇشىنى، ياخشى كۈنلەرگە بولغان تەلپۈنۈشىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن. ئەلۋەتتە، بۇ شېئىرلاردىكى لىرىك قەھرىمان «مەن» ھەرگىزمۇ بىرلا ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ زارلىنىشى نوقۇل ئىشق ـ مۇھەببەت سەۋەبىدىنلا ئەمەس، ئۇنىڭ تەلپۈنۈۋاتقىنى بىر قىزنىڭ ۋىسالى ئېمىسمۇ ئەمەس. شائىر باشقا شېئىرلىرىدا يەنە «جاھان ئالغا قاراپ كەتتى، ئۇنى ئېيتىنىشقا ھاجەت يوق، ھايات بىزلەرگە گويا جەھەل زىندانغا ئوخشارمۇ؟» «جاھاننىڭ گۈللىكىدە ئۇنمىدى خۇشبۇي گىياھ ئۇندا، ئېچىلغان رەڭمۇ رەڭ گۈل، يوق لېكىن بۇيى ۋاپا ئۇندا» دېگەندەك

مىسرالارنى يېزىپ ۋەتەن ـ خەلقنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشىنى ئىپادىلىگەن.

ئەھمەد زىيائىي مەيلى 40ـ يىللاردا بولسۇن، مەيلى 80ـ يىللاردا بولسۇن، ھايات ھېكمەتلىرى، ھايات ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى ئىپادىلەنگەن، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت تەشەببۇس قىلىنغان شېئىرلارنى خېلى كۆپ يازدى. شائىرنىڭ بۇنداق شېئىرلىرى كىشىگە ھامان بىر خىل يېڭىچە پىكىر ۋە ھاياجان بەخش ئېتىدۇ، شۇنداقلا كىشىنى ھايات ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا، ياخشى ئادەم بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. تۆۋەندە شائىرنىڭ شۇ مەزمۇندىكى شېئىرلىرىدىن بىر پارچە كۆرۈپ باقايلى:

كۆرەشتىن ئىبارەت ئېرۇر بۇ ھايات،
كۆرەشتە يېڭىشكە بۈيۈك شەرت سۇبات.
تىرىشىپ ئۆزىنى خالاس ئەتكۈسى،
چۈمۈلىنى تۇپراققا گەر كۆمسە پات.
بىلىم ـ بىر كىشىن ئىككىسى يوق ئېتۇر،
ئەگەر بولسا باسقان كۆڭۈللەرنى دات.
ئىلىم بىر قۇشكىم بىلىمسىز قېلىپ،
يۈلۈنمىش ئۈنىڭغا قۇيرۇق ھەم قانات.
كېرەككىم بىلىمدىن قانات ئەيلىسۇن،
بولۇر لەقمە گەر قىلمىسا ئېھتىيات.
ۋە لېكىن بۈگۈن بىزدە بولغان بۇ ھال،
ئۈمىدسىزلىكىم ئارتتۇرۇپ قاتمۇ قات.
. . .
خازانىمىز بۈگۈن بىزگە دەۋانىڭ ئىلىك،
ھەممىدىن ئۇلۇغ ھەم مۇھىمراق بىلىك.

ئېرۇرمىز نادانلىقتا بىز خاكسار،
ئېتەر ئەكس ھەر ياندا قەلەندەرچىلىك.
ۋۇجۇددۇر قۇرۇق ئۇستىخان كىم ئاڭا،
ئەمەس بار بىلىم بىرلىششتىن يىلىك.
ئۆلىكى قالۇر بىز كەبى ئارقىدا،
ئۆلۈممۇ ئەگەرچە كۆرۈنسە تىرىك.
ئەگەر ئەل تىرىشماي يانا ئۇخلىسا،
قىلىپ ھېس يۇيۇشنى ئۇمىدتىن ئىلىك.
تەپەككۇر فەزاسىغا باستىم قەدەم،
ئىلىم سۆيگۇسى دىلدا قولدا قەلەم.

بۇ پارچە شائىرنىڭ 40- يىللاردا يازغان مەشھۇر شېئىرى — «ئىلىم سۆيگۇسى دىلدا» دىن ئېلىنغان. شائىر بۇ شېئىردا ئىلىم- مەرىپەتنى تەشەببۇس قىلغان، ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق خەلقنى، ۋەتەننى نادانلىقتىن، جاھالەتتىن، زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىلىم- مەرىپەت ئارقىلىق ۋەتەن، خەلقنى ئازاد قىلىپ قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت بىر ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شائىر بارلىق قۇتۇلۇش ۋە ئېرىشىشلەرنىڭ ئاچقۇچى ئىلىم - مەرىپەت دەپ قارىغان. شائىر شۇ دەۋر رېئاللىقى ھەققىدە بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈپ جاھالەتلىك بۇ دەۋرنى «مىسالى ئېرۇر ئۇشبۇ پەسلى خازان» دەپ سۈپەتلىگەن ھەم بۇنداق «خازان پەسلى» دىن قۇتۇلۇش ھەققىدە توختىلىپ «قارا تۈننى ھەم يورۇق ئەتسە بولۇر، چىلىشماق ۋە تەدبىر ئۇنىڭ يولتۇزى» دەپ قارىغان. شائىرنىڭ قارىشىچە، كۆرەش بىلەن تەدبىر بولۇش كېرەك، شۇنداقلا بۇ كۆرەشنىڭ مەزمۇنى ئىلىم - مەرىپەت، تەدبىر ئىلىم- مەرىپەت ئارقىلىق تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، شائىر بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئاشۇ مىسرالارنى يازغان. شائىر بۇ جەھەتتە

ناھايىتى ئۈمىدۋار بولۇپ، بۇنداق ئۈمىدۋارلىقنى ئۇ «دېمەك ھەر قارا تۈنكى چەكسەك ئۈنى، ئاخىر بولغۇسى بىر يورۇق كۈندۈزى» «ھەممە بىرلىشىپ ئەيلىسەك ئىجتىھات، بولۇر ئىدى مەقسەتلىگە يەتكىلى» دېگەندەك مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەن. ئەھمەد زىيائىي بىر ئۆمۈر ئىلىم يولىدا ئىشلىگەن، ئىلىم ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئالىم، شۇنداقلا پۈتۈن ئىجادىيىتىدە ئىلىم - مەرىپەتنى كۈيلىگەن، تەشەببۇس قىلغان شائىر. ئۇنىڭ قانداقلىكى بىر مەشھۇر شېئىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق بىز ئۇنىڭدىن بۇنداق ئىدىيە - تەشەببۇسنى كۆرمەي قالمايمىز. ئۇ 80- يىللاردىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىدىمۇ ئاساسەن ئىلىم - مەرىپەت ھەققىدە يېزىپ، يېڭى دەۋر ئاتا قىلغان ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىدىكى گۈللەپ - ياشناش ۋەزىيىتىگە بولغان چەكسىز ئىپتىخارلىقىنى، سۆيۈنۈشىنى ئىپادىلىگەن.

ئەھمەد زىيائىي ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي خاھىشىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر دىداكتىك شائىر، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە ئادەملىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق مۇددىئالىرىدىن بىرى قىلغان شائىر. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىمۇ، يىرىك داستانلىرىدىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەھمەد زىيائىي ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ خەلقنى تەربىيىلەش رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ، شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ چاقىرىق - دىداكتىك خاراكتېرى خېلىلا كۈچلۈك. ئۇ دىداكتىك شېئىرلىرىدا ئادەملەرنىڭ مۇكەممەللىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئادەمنىڭ مۇكەممەللىكىنى بىلىم، ئەقىل، ياخشىلىق، ئېسىل پەزىلەت ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئادەم جاپالىق كۆرەش ئارقىلىقلا ئادەملىك قىممىتىنى، رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، دەپ قارايدۇ. شائىر بۇنداق تەشەببۇس،

قاراشلىرىنى مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

تۇزەت ئەخلاقنى يولداش، پەس خۇلۇقنى ئۆزگە يار قىلما،
مۇھەببەتلىك كىشى بول، بىۋاپالىقنى شوئار قىلما.
«كىشىلە كۆلسە خوشلۇق بىرلە كۆل» دىن.

تىلەرمەن ئايرىما دەپ مېھنىتىمدىن ھەر زامان يا رەب،
نېسىپ ئەيلە ياشاشنى ئۆز كۈچۈمدىن باركى جان يا رەب.
«تىلەك» تىن.

بەخت ساماسىنىڭ قۇياشى، يۇلتۇزىدۇر تەربىيەت،
قاپقارا تۇرمۇش تۈنىنىڭ كۈندۈزىدۇر تەربىيەت.

. . .

ياش ئىكەن ئەۋلادلىرىڭ، ئۈگەت ئىلىم بىرلە ھۈنەر،
تال - چىۋىقتەك ئەگىلىپ ئۆزلەشكۈسىدۇر تەربىيەت.

. . .

خارۇ - زار قالغان ئېلىڭنى ئەي زىيائىي ياخشى بىل،
مۇئتەبەر بىر ئەل قىلىپ ياشناتقۇسىدۇر تەربىيەت.
«تەربىيەت» تىن.

كىشى دۇنياغا كەلدى قالدۇرۇپ كەتمەك كېرەك بىر ئىز،
ئېلىگە خىزمەت ئەتكەنلەرنىڭ نامى ئۆچمىدى ھەرگىز.
«جاھان لەنگەر» دىن.

ياخشىلىقنى سۇغا قىل، سۇ بىلمىسە بېلىق بىلۇر،
بىلمىسە بېلىق، بىلۇر خالق دېبان قويماق كېرەك.
«بولاي دېسەڭ غەمدىن خالاس» تىن.

شائىرنىڭ دىداكتىك مەزمۇندىكى مۇنداق شېئىرلىرى ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ۋە قاراتمىلىقى بار. شۇنداقتىمۇ «نەي ساداسى» ناملىق قەسىدە بۇ جەھەتتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

«نەي ساداسى» — ئەھمەد زىيائىينىڭ داڭلىق لىرىكىلىرىدىن بىرى. بۇ لىرىكا دەسلەپ 1957 - يىلى يېزىلغان، 1983- يىلى ئېلان قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا شائىر ئۇنى كۆپ قېتىم ئىشلەپ مۇكەممەللەشتۈرگەن. بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ھايات قارىشى، جۈملىدىن ئەخلاقىي - دىداكتىك تەشەببۇسلىرى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. شائىر بۇ لىرىكىسىدا مۇنداق بىر قانچە مۇھىم دىداكتىك ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: شائىرنىڭ ئالدى بىلەن ئۇلۇغلىغىنى يەنىلا بىلىم:

دېدىكىم: ئى نادان! گەر ئىستىسەڭ ئۆمرۈڭگە بىر مەنا،
ۋۇجۇدۇڭنى مۇنەۋۋەر قىل پۈتۈنلەي ئىلمۇ ئىرپاندىن.
يېتەكلەيدۇ ھەقىقەت سەيرگاھىغا سېنى بۇ نۇر،
تاپالمايسەن بۇ نۇرنىڭ سىرىنى خۇرشىدى تاباندىن.

شائىر بىلىم ئىگىلەشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كۆرەشنى، تىرىشچانلىقنى ئۇلۇغلايدۇ، تىرىشىپ كۆرەش قىلغاندىلا ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ:

تىرىش، ئىشلە، يىقىلساڭمۇ قوپۇپ قايتا يولۇڭنى ماڭ،
كىشى ھەر نەرسىكىم تاپتى، ئۇنى تاپتى تىرىشقاندىن.
ئۇپۇققا ھال شەپەقتىن ھەر سەھەر شۇ خەت يېزىلغايكىم،
«ئەمەس ھېچ نەرسە تاتلىقراق ئۆزى ئىشلەپ يېگەن ناندىن».

شائىر شېئىردا يەنە مەنمەنچىلىك، ھەسەتخورلۇق، ھۇرۇنلۇقتا ئۇخشاش ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان ئادەملەر ئادەملىكنى يوقاتقان ئادەملەردۇر، دەپ قاراپ كىشىلەرنى بۇنداق ئىللەتلەردىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرىدۇ.

شائىرنىڭ شېئىردا ئىلگىرى سۈرگەن يەنە بىر دىداكتىك ئىدىيىسى — ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت. شائىر ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنى ئەڭ چىن، ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەت دەپ سۇپەتلەيدۇ، كىشىنىڭ بەختى، تەقدىرى ھامان ۋەتەن بىلەن بولىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ:

ۋەتەنپەرۋەر يىگىت بول، بولمىغىل ئەلدىن جۇدا ھەرگىز،
كۆيەر گۇل شاخى گۇلخاندا كېسىلگەندە گۇلىستاندىن.
مۇھەببەت ـ چىن مۇھەببەت مانا شۇدۇر بىباھا گۆھەر،
ئەجەب راھەتلىنۇر جانلار قۇشى شۇ گۇلگە قونغاندىن.

چىن ئىنسانىي دوستلۇق ـ شائىر ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، شائىر دائىم دوستلۇقنى قەدىرلەش، ياخشى دوست تۇتۇش ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بۇ شېئىردىمۇ شائىر دوستلۇق ھەققىدە مۇنداق تەۋسىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئۇزۇڭگە دوست توپلا، مۇمكىنقەدەر بولمىغىل دۈشمەن،
ۋاپادار دوست يىغىش ياخشى كۈمۈش ـ ئالتۇننى يىغقاندىن.
يېقىن دوستتىن كۆرۈلسە نامۇۋاپىق ئىش، كەچۈر ئانى،
ئەمەس ئەيىبلىك سۈزۈك سۇ، ئانچە-مۇنچە خەس ئېقىتقاندىن.

شائىر سۆز ھەققىدە يازغاندا، سۆزنى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ، ئۇنى «كىشىنىڭ ئېتىبارى، ئېپتىخارى،

قۇدرىتى ۋە باشقا جانلىقلار بىلەن بولغان پەرقى» دەپ قاراپ، كىشىلەردىن بۇ ئالاھىدە ئىقتىدارنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىر سۆز ھەققىدىكى بۇ دىداكتىكىسىغا ئۇلاپ، يەنە يازغۇچى ھەققىدىمۇ مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

يامان سۆز سۆزلىگۈچە سۆزلىمەي قويغان ئېرۇر ياخشى،
قەلەم تەڭلىك چېكەر ئىلكىڭدە، ناچار سۆزنى يازغاندىن.
مانا بۇ قۇش سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر ئى يازغۇچى بىلسەڭ،
تىرىش، پەرۋازىدىن قايتسۇن ئېلىپ سىر مارس، چولپاندىن.
تەپەككۇر ئەيلە! ياز! يازغان سۆزۈڭ كۆپ مەنىدار بولسۇن،
نە ھاسىل پايدىسىز سۆزدىن قۇرۇق قۇرلارنى تىزغاندىن.

شائىر بۇ شېئىرىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە مەزمۇنلاردا دىداكتىك پىكىر ـ ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. شېئىرنىڭ ئاخىرىدا بولسا شائىر كىشىلەرگە مۇنداق بىر چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئاخىرىدا نەي ساداسى شۇ قەدەر مۇڭلۇق تۇس ئالدىكىم،
بۇ ئۇن تەسىرىدىن تولدى يۈرەكلەر ھېس ـ ھاياجاندىن.
دېدى نەي: ئى كىشى، ئويغان! غەپلەت ئۇيقۇدا ياتما،
كېتەر بىر خىش ھاياتىڭدىن مىنۇت ئۆمرۈڭ يوقاتقاندىن.
غەنىيمەتتۇر ھاياتىڭ، ياشلىقىڭ ھەرگىز زايا قىلما،
نە پايدا ۋاقتى ئۆتكەندە يىگەن قاتتىق پۇشايماندىن.
بولۇر بىر كۈن قارا بېشىڭ چېچەكلىك شاخلىدەك ئاپئاق،
ئېگىلۇر سەرۋىدەك قەددىڭ، قالۇرسەن ھەممە دەرماندىن.

ئەھمەد زىيائىي يەنە «ۋەتەن ـ تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق

قاتارلىق «ۋەتەن گۈلزارى ياشنايدۇ» ، «......» جىنى شېئىرلارنى يېزىپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. شائىر بۇ شېئىرىدا جانلىق، ئوبرازلىق تىل، چوڭقۇر ھېكمەتلەر ئارقىلىق بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنىڭ بارلىق تەرەققىيات، گۈللىنىشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى، «ئىناقلىق گۈلىدىن زوق ئالمىغانلارنىڭ ئىچىنىڭ قازاندىن قارا» بولىدىغانلىقىنى، چېچىلاڭغۇلۇق ۋە ئىختىلاپنىڭ تەڭداشسىز بىر بالايىئاپەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى، شۇڭا بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى قوغداشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شائىرنىڭ بۇنداق شېئىرلىرىدىمۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىنى، ئېستېتىك قىممىتىنى، جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغۇچى ھەرخىل ئۇسۇل، ماھارەتلەر ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغان، شۇڭا شېئىرلار قۇرۇق گەپكە، ياكى شوئارغا ئوخشاپ قالمىغان. شائىرنىڭ پىكىر - ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، كىتابخاننى قايىل قىلىش جەھەتلەردىكى ماھارەتلىرىنى تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ بىۋاستە ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن:

يار ئۇ بولمىسا، يار بىلەن ئىتتىپاق،
قاچاندا بېرەلەيدۇ زوق، ئىشتىياق.
ئىناقلىق سۈيىدىن سىراپ بولمىسا،
ئاخىر چۈشىدۇ باشقا دەردى پىراق.
گۈزەل يارنىڭ ۋەسلىدىن ئايرىلىپ،
جۇدالىق ئوتىدا كۆيەر ئۇ بىراق.
نە ئىشرەت، نە تۇرمۇش، نە ئارام ئۇڭا،
قارا تۈنلىرى ھەرگىز بولمايدۇ ئاق.
يۈكسەك غايىلەرگە بولار يەتكىلى،

ھەقىقەتتە بولغاندا چىن ئىتتىپاق.
سائادەت ئىناقلىقتا باغلىق ئېرۇر،
ئۇيۇقتا يېزىلغان مۇشۇ قۇرغا باق:
ۋەتەن ـ تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

ئەھمەد زىيائىي يۇقىرىقىدەك ئېسىل مەزمۇنلۇق شېئىرلىرى قاتارىدا يەنە مۇھەببەت ھەققىدە ئاز بولمىغان ئېسىل لىرىكىلارنىمۇ يازدى. بۇنداق لىرىكىلاردا شائىرنىڭ شېئىرىيەتتىكى بالاغىتى ۋە پاساھىتى تېخىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئەھمەد زىيائىينىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس بەزى خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئەھمەد زىيائىينىڭ لىرىكىلىرىنى «ئاز ھەم ساز» دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن. ئۇنىڭ شېئىرى تالانتىنىمۇ «مەڭگۈ قېرىمايدىغان تالانت» دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولسىمۇ ئاساسلىقى ئىلىم ـ مەرىپەت، ۋەتەن ـ خەلق، ئەدەب ـ ئەخلاق، ئىشق ـ مۇھەببەت قاتارلىق بىرقانچە مەڭگۈلۈك تېمىلارغا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەلۇم دەرىجىدە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان. ئەمما، قۇرۇق شوئار، چاكىنا مەدھىيە ـ تەنقىد ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالمىغان. شائىر مەيلى قانداق پىكىر ـ ئىدىيىنى ئىپادىلىسۇن، ئۇنى يالىڭاچ، بىۋاستە ئەمەس، بەلكى شېئىرىيەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە پىكىرنى شېئىرى پىكىرگە ئايلاندۇرۇپ، شېئىرى پىكىرنى شېئىرى ئوبراز ۋە باشقا ھەرخىل بەدىئىي ئۇسۇل ـ ۋاستىلەر ئارقىلىق، جانلىق، تەسىرلىك ئىپادىلىگەن. ئەھمەد زىيائىينىڭ قىسقا شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك لىرىك شېئىرلاردىن ئىبارەت. شائىرنىڭ باشقا ئېپىك شېئىرلىرى يوق دېيەرلىك. بۇ لىرىكىلاردا شائىرنىڭ

هايات ھەققىدىكى پەلسەپۋى قاراشلىرى، دىداكتىك ئىدىيە - تەشەببۇسلىرى، ھەرخىل ئىدىيىۋى ھىسسىياتى ئىپادىلەنگەن. لىرىكىلارنىڭ مەزمۇنىمۇ، بەدىئىيلىكىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرى بولۇپ، كىشىگە ئۆزگىچە شېئىرى زوق بېغىشلايدۇ. بۇ لىرىكىلاردىن شائىرنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى يۇقىرى تالانتىنى، بەدىئىي ماھارەتلەرگە پىششىقلىقىنى، چەت تىللارنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەھمەد زىيائىي گەرچە ھازىرقى - بۈگۈنكى زامانىنىڭ شائىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى كلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى بىلەن زىچ باغلىنىشقا ئىگە. ئۇ كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىشىگە شۇڭلاشقا كلاسسىك شېئىرلارنى ئوقۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇ شېئىرلىرىنى ئاساسەن كلاسسىك شېئىر شەكىللىرىدە، ئارۇز ۋەزنىدە يازغان. ئۇ شېئىرلىرىدا ياراتقان ئوبرازلارمۇ ئاساسەن «يار»، «گۈل» دېگەندەك ئەنئەنىۋى ھېسسى ئوبرازلاردىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەھمەد زىيائىينىڭ شېئىرلىرى ئەنئەنە ئىزچىللىقىنى، ئەدەبىياتتىكى ۋارىسچانلىقنى ئۆگىنىش - تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شائىر — ھايات ھەققىدە ئويلانغۇچى، ئىزدەنگۈچى، ئۇ ھاياتتىكى ھەرخىل ھادىسىلەرنى، مەسىلىلەرنى شېئىرى يول بىلەن چۈشىنىشكە، چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ، شائىر يەنە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىر پەيلاسوپتۇر، ئۇ شېئىرى يۈكسەكلىكتە، شېئىرى ھېسسىياتتا، شېئىرى شەكىلدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ھاياتلىق ھادىسىلىرى، مەسىلىلىرى ھەققىدە ئۆزىگە خاس قارىشى بولىدۇ، ئۇلار بۇنداق قاراشلىرىنى تاۋلاپ، مەركەزلەشتۇرۇپ، رۇبائىي، قىتئە قاتارلىق شېئىرى شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ. ھايات ھەققىدە كۆپ پىكىر يۈرگۈزگەن،

كىشىلەرگە ھاياتنى قەدىرلەپ، ئىنساندەك ياشاشنى تەشەببۇس قىلىشنى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق خاھىشلىرىدىن بىرى قىلغان شائىر ئەھمەد زىيائىيمۇ بىر قىسىم رۇبائىي — قىتئەلەرنى يېزىپ يادىكار قالدۇرغان. ئۇنىڭ «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلۈپ بىزگە مەلۇم بولغان رۇبائىي — قىتئەلىرى قىرىق نەچچە پارچە. بۇ رۇبائىي پارچىلاردا ھايات ھەققىدىكى ھەرخىل پىكىر — ئىدىيىلەر رۇبائىي ۋە قىتئەلەرنىڭ ئۆزىگە خاس شېئىرى ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە مەلۇم بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئىپادىلەنگەن.

ئەھمەد زىيائىينىڭ رۇبائىي — قىتئەلىرىنىڭ پىكرى يېڭى. شائىر ئىجادىيەت تەجرىبىسى ھەققىدە توختالغاندىمۇ «مەن يېڭى پىكىر تاپالمىسام ئەسەر يازمايمەن» دېگەنىدى. بۇ راست، بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى بىز شائىرنىڭ رۇبائىي - قىتئەلىرىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئەلۋەتتە، شائىر ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى پىكىر ھاياتنى كۆزىتىشنىڭ، ھاياتلىق ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا، ئۇنىڭ رۇبائىي - قىتئەلىرىدىكى مەزمۇن شەخسنىڭ ھېسسىياتىدىن، سۇبيېكتىپ قارىشىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ رۇبائىي - قىتئەلىرى ئۇنچە دەبدەبىلىك، جەڭگىۋارمۇ ئەمەس، ئەمما كىشىنىڭ كۆڭلىگە يېقىن، ھاياتقا يېقىن، مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ رۇبائىي - قىتئەلەر بىزدە قايىللىق ھېسسىياتى قوزغايدۇ. شائىرنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىنى كۆرۈپ باقايلى:

غەمدىن قۇتۇلاي بىر لەھزە دېدىم، سەيرى گۈل ئەتتىم،
گۈللۈك ئارىلاپ، سۇ بويى بويلاپ ھەر ياقلىما كەتتىم.
ئەپسۇسكى كۆڭۈل ئالمىدى ھېچ زوق ۋە لەززەت،
غەمسىز بولۇش دېگەن ئۆينى تۈزەتتىم.

شائىر بۇ رۇبائىيسىدا «غەمسىز ياشاش مۇمكىنمۇ» دېگەن مەسىلە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ ھەم بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى يازىدۇ. دېمىسىمۇ راست، بۇ دۇنيادا ئادەم غەمسىز يۈرەلمەيدۇ، غەم-ئەندىشە بارلىق ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى. مانا مۇشۇ مەسىلىنى شائىر يۇقىرىقى رۇبائىيسىدا ناھايىتى جانلىق، ماھىيەتلىك ئىپادىلەپ بەرگەن. شائىر تۆۋەندىكى قىتئەسىدە ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى كۆرسىتىپ بەرگەن:

ئەجەب بىر سىركى دۇنيادا، مۇرادىڭچە يۈرەلمەيسەن،
جاھان گۈلزارىدىن كۈتكەن گۈلۈڭنى ھېچ ئۈزەلمەيسەن.
دىلىڭدا بى مۇرادلىقتىن تىكەنلەر سانجىلۇر ھەردەم،
يانا ئۇشبۇ تىكەنلىكتىن ئۈمىدىڭنى ئۈزەلمەيسەن.

ئەھمەد زىيائىي يازغان يەنە بىر قىسىم رۇبائىي-قىتئەلەرنىڭ دىداكتىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلاردا ئىلىم- مەرىپەت، ئېسىل ئەخلاقى پەزىلەت، ياخشىلىق تەشەببۇس قىلىنغان. شائىر قىتئەلىرىنىڭ بىرىدە:

بىلىملىك ئەر بولاي دېسەڭ تىرىش، تۆك توختىماي تەرنى،
بىلىملىك باغۋىنى ئۈندەر بېغىغا كۆڭلى كەمتەرنى.
ئىلىم گۈلى تەكەببۇردىن يىراق بولغاندا ياشنايدۇ،
ئاسانلىقچە سۇغارمايدۇ سۇ دۆڭلۈك ئېگىز يەرنى.

دەپ يېزىپ، كىشىنى ئىلىم مەرىپەت ئۆگىنىشكە، بۇ يولدا توختىماي تەر ئاققۇزۇشقا ئۈندەيدۇ، شۇنداقلا يەنە ئېگىز يەرگە سۇ چىقمايدىغانلىقتەك بىر ھەقىقەت ئارقىلىق، بىلىم ئۆگەنمەكچى بولغان كىشىنىڭ كەمتەر بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

شائىر قىتئەلىرىنىڭ بىرىدە ئېجاد ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

بىر گەۋھەر ئېرۇر باھاسى يوق بۇ ئېجاد،
ئېجادچىنى زامان قىلۇر مەڭگۈ ياد.
ئېجادى ئېرۇر مەڭگۈ، ئەمەس مەڭگۈ كىشى،
ئېجادىڭ ئىلە تونۇر سېنى، بىل ئەۋلاد.

ئېجادنىڭ مانا مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن شائىر ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاياتىنى ئېجادقا بېغىشلاپ، ئەدەبىيات ئالىمىدىن، خەلقىمىز قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

# 4. «ئىلمىي ئابدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇت» داستانى

«ئىلمىي ئابدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇت» ناملىق بۇ داستان ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ داستان مەزمۇن جەھەتتە قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان ئىككى ئۇلۇغ ئالىمىمىزغا — يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقەرىگە ۋە ئۇلار ياراتقان ئىككى ئىلمىي ئابىدىمىزگە — «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى» غا بېغىشلانغان. ئەھمەد زىيائىي بۇ داستاندا ئاشۇ ئىككى ئالىمىمىزنى، ئۇلار ياراتقان ئىلمىي ئابىدە ئەسەرلىرىمىزنى بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئاساستا ناھايىتى كەڭ ۋە ناھايىتى چوڭقۇر بايان قىلىپ، بۇ ھەقتىكى بارلىق مەزمۇنلارنى يورۇتۇپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ داستاننى تېخىمۇ يۇقىرى قىممەتكە - قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەسەرنى ئاساسلىق مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخ، مەدەنىيەت، دىن، جۇغراپىيە، فولكلور، يەر ناملىرى. . . ھەققىدىكى ناھايىتى مول بىلىملەر بىلەن بېيىتقان. مۇشۇ تەرەپلىرىگە قاراپ، مەزكۇر داستاننى ئىككى ئالىم، ئىككى ئەسەر ھەققىدىكى، شۇنداقلا ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرخىل بىلىملەر، مەسىلىلەر ھەققىدىكى

شېئىرى شەكلىدە يېزىلغان قامۇس ئەسەر دېيىش مۇمكىن.

ئەھمەد زىيائىي 80- يىللاردا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشكە قاتنىشىپ گەرچە ناھايىتى چوڭ بىر ئىلمىي ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا ئۇ ئەسەرنىڭ چەكسىز قىممىتى، ئىلىم دۇنياسىدىكى تەڭداشسىز ئورنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ قىممىتىنى، ئورنىنى، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. شۇنداقتىمۇ شائىر بۇ ئەمگەكلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىدى. ئاشۇ ئەسەر، ئاشۇ ئالىم ھەققىدە يىرىك ئەسەر يازمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شۇنداق ئەسەر يېزىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە، شۇنداقلا بۇ ئالىم، بۇ ئەسەرنىڭ زامانىدىشى بولغان مەھمۇت قەشقەرى ۋە «تۈركى تىللار دىۋانى» ھەققىدە يېزىشنى ئىرادە قىلدى. بۇ 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. بوۋاي ئاللىقاچان يەتمىش ياشتىن ئاشقان، ئۆتكەنكى جاپالىق ھايات، ئېغىر كېسەل ئۇنىڭ ماجالىنى قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز، يېگانە ئەسەرلىرىمىز ھەققىدە ئەسەر يېزىش ئىرادىسى ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ، جۇشقۇنلۇق، ئۆتكۈرلۈك بەخش ئەتتى. قېرىلىق، ئاجىزلىق، كېسەللىك ئۇنى قورقۇتالمىدى، بەلكى ئۇ كىشىنى مەڭگۈ ياشنىتىدىغان ئىجادىي ئەمگەككە ئارقىلىق، جۈملىدىن يۇقىرى ئىلمىي ۋە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە بولغان «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قورغۇچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇت» داستانى ئارقىلىق كىشىلەر كۆپ تەرىپىنى قىلىشىدىغان «مەڭگۈ قېرىمايدىغان شېئىرى تالانتى» نى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. بۇھەقتىكى داستان ھەقىقەتەن تېز ھەم ناھايىتى

مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتى، شائىر چەكسىز لەززەت ۋە قانائەت ھاسىل قىلدى، ئۆز ھاياتلىقىدىن يەنە بىر ئىز قالدۇرالىغىنىدىن خۇش بولدى. شائىرنىڭ بۇداستاننى تامامىلاپ قەلەمنى قويغان ۋاقتى 1989- يىلىنىڭ باشلىرى ئىدى.

ئەھمەد زىيائىينىڭ مەزكۇر داستاننى يېزىشى ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس. شائىر داستاننىڭ «مۇقەددىمە» قىسمىدا، داستاننى يېزىشقا تەقەززا قىلغان ئامىللار ۋە ئۆزىنىڭ يېزىش دائىرىسى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي توختىلىپ، مۇھىم مەلۇماتلارنى بەرگەن. داستان «مۇقەددىمە» سىدە مۇز تاغ لىرىك قەھرىمان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ تارىخ بىلەن بىللە ياشاپ، ۋەتەن، خەلق نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە باشتىن كەچۈرگەن قىسمەت، سەرگۈزەشتىلەرگە گۇۋاھ بولغان شاھىت. شۇنداقلا ھاياتلىقتىكى قانۇنىيەتلەرنى، تەجرىبە - ساۋاقلارنى خۇلاسىلىگەن بىر ئەللامە سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئەنە شۇ مۇزتاغ ئاتا ھاياتلىقتىكى مۇنداق بىر ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ:

. . .

يوقالمايدىغان نەرسە مەۋجۇت ئىكەن،
زاۋالنىڭ قولى ئۇڭا يەتمەيدىكەن.

بىلىندى ئۇ نەرسە، ئىكەن ئۇ بىلىم،
بىلىمكەن، بىلىمكەن، بىلىمكەن، بىلىم.

ئىكەن خاس بىلىمگە باقا ۋە شەرەپ،
ئىلىم بىر گۆھەركەن ھاياتلىق سەدەپ .

قىلىپ شۇڭا ئىلىم ئەھلى ئىلىم ئىختىيار،
قويۇشقانىكەن ئىلىمدىن يادىكار.

مۇزتاغ ئاتا هاياتلىقنىڭ بۇ ھەقىقەتىنى ئەسەردىكى يەنە بىر لىرىك قەھرىمان «مەن» گە بۇنىڭدىن ئون ئەسىرچە مۇقەددەم بىلىمدىن ياسالغان ئىككى ئابىدەنىڭ ھېلىغىچە يوقالماي، ئۇنتۇلماي، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قىممىتى تېخىمۇ ئېشىپ كېلىۋاتقانلىقى مىسالىدا چۈشەندۈرىدۇ. مۇزتاغ ئاتىنىڭ هاياتلىق ھېكمىتى ھەققىدىكى بۇ ھېكمەتتى شائىرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇنى مەڭگۈلۈك هاياتلىق ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. شائىرمۇ بىر ئىلمىي، ئىجادىي ئەمگەك ئارقىلىق خەلق قەلبىدە ئۆلمەس ئابىدە تىكلەپ، شۇ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك هاياتلىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئىزگۈ ئارزۇسىنى يۈسۈپ خاس هاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئەسەر يېزىش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ. شائىرنىڭ قارىشىچە، گەرچە ئىككى ئالىم تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ ئەسەرلەر نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن يېزىلغانلىقى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ قانداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى... گە ئوخشاش مەسىلىلەر خەلقىمىزگە تېخى تولۇقى بىلەن ئايان ئەمەس، شۇڭا بۇ مەسىلىلەرنى ئاممىباب تىل، يېقىشلىق ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىش ناهايىتى مۇھىم ھەم ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. شائىر مانا مۇشۇ سەۋەبتىن چىقىپ بۇ ئەسەرنى يازىدۇ:

مۇشۇ ھەقتە سەن بىر ئەسەرنى تۈزەت،
ئۆزۈڭدىن يادىكار قويۇپ ئۇنى كەت.

تاڭ ئەرمەسكى كەيسەڭ باقا تونىنى،

ياد ئەتسە ئۇنتۇماستىن ئەۋلادنى.

ئۇلارنىڭ مۇبارەك شاراپىتىدىن،
ئورۇن ئالسام ئىلىم خادىمى قېتىدىن.

شۇ ئۇمىدى بىلەن قولغا ئالدىم قەلەم،
قىيىن مۇشۇ بىر يولغا قويدۇم قەدەم.

مانا پىكىر قۇشى كەتتى پەرۋاز قىلىپ،
يىراق بىر زامانىنى، دەۋرنى قىدىرىپ.

شائىر ئىرادە قىلغان بۇ ئەسەرنى يېزىش ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ بىلىم، كۈچ تەلەپ قىلىدىغان قىيىن، شۇنداقلا مۇشەققەتلىك بىر ئەقلى ئەمگەك بولۇپ، ئەسەرنىڭ بۇنداق خاراكتېرىنى ھېسابتا شائىر ئۆزى بەلگىلىگەن. ئەمما، شائىر بۇ ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقالىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكلىرى ھەققىدە توختىلىپ:

بۇ ئاجىزكى ئەردى بىلىمنىڭ قۇلى،
قەلەم بىرلە قاتقان قاپارغان قولى.

دىۋاننى قىلىپ تۇرمىدە تەرجىمە،
قىلىپ ئۇققىدەك بۇ ئەسەرنى ھەممە.

قەلەم يېشىنى ئىككى يىل ئاققۇزۇپ،
ئەرەبچەنى ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرۇپ.

ئۇنىڭا كىيدۇرۇپ تىلىمىزدىن لىباس،
چۈشىنىش ئۈچۈن سالغانىدى ئاساس.

يەنە ئىلىم - بىلىم ئۇنىڭا يار بېرىپ،
«قۇتادغۇ» ئىشى ئۇنىڭا بولغان نېسىپ.

قەدىم تىلنى هازىرقى كۈن تىلىگە،
شېئىرلەر تۈزۈشنى ئېلىپ ئۈستىگە.

قوپۇپ تۈندە ئۇيقۇنى كۈندۈز ئارام،
بۇ خىزمەتنى ئۈچ يىلدا قىلغان تامام.

. . .

دېدى: ئى جاپاكەش! ئۆزۈڭ ئىشلىدىڭ،
بۇلەر ئارا بىرنەچچە قىش قىشلىدىڭ.

تونۇشتۇر ساڭا ئىككىسى بىر قەدەر،
ساڭا ئۈچرىغان ئەۋۋالا بۇ گۆهەر.

دەپ يېزىپ مانا مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، بۇ هەقتە ئەسەر يېزىشنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ئىكەنلىكىنى ئالاهىدە تىلغا ئالغان، هەتتا داستان «مۇقەددىمە» سىدىكى نەسرى باياندىمۇ: «. . . بۇ خىتابىنىڭ بۇ ئىلمىي ئابىدىلەردىكى تىل پەردىسىنى كۆتۈرگۈچىنىڭ قولىغا يەتكەنلىكى، ئۇنىڭ بېشىغا بۇ ئابىدىلەرنىڭ ۋۇجۇد ئالمىدىكى مەۋجۇدىيىتى توغرىسىدا بىر ئەبەدىي يادىكار تۈزۈپ، مەڭگۈلۈك تېپىش سەۋداسىنىڭ چۈشكەنلىكى، شۇ سەۋدا بىلەن تەپەككۇر بۇركۈتىنى پەرۋازغا سالغانلىقى، ئۆزىنى مۇشۇ قىيىن يولغا

كىرگۈزۈپ قەلەمنى قولغا ئالغانلىقى» نى يېزىپ قالدۇرغاندى. ھەقىقەتەنمۇ شائىر ناھايىتى يۈكسەك بىر نىيەت بىلەن بۇ ئەسەرنى يېزىشقا ئىرادە باغلاپ، ئىلىم ئالىمىدە مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، بىر ئەبەدىي يادىكارلىق بولغۇدەك قىممەتلىك ئەسەرنى ئۆمرىنىڭ تۈگەنجىسىدە بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتتى.

ئەھمەد زىيائىينىڭ مەزكۇر «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇت» ناملىق داستانى بىر پارچە چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، تەخمىنەن 15 مىڭ مىسرا شېئىردىن تەشكىل تاپقان. پۈتۈن داستان ئۈچ قىسىم يىگىرمە بەش بابقا بۆلۈنگەن. داستان مەسنەۋى شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىبى مەھزۇف بەھرىدە يېزىلغان. داستاندىكى ھەر بىر قىسىم نىسپىي مۇستەقىل بىر مەزمۇن بىرلىكى بولۇپ، بىر قانچە بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر باب كلاسسىك داستانچىلىق ئۇسلۇبىدا، شۇ باپتا بايان قىلىنماقچى بولغان مەزمۇن ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدىغان، ھېسابتا شۇ باپتىكى مەزمۇنلارنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدىغان خۇلاسە شەكلىدىكى نەسرى بايان بىلەن باشلىنىدۇ. ھەر بىر باب ئاساسىي مەزمۇننى بايان قىلىپ بەرگەندىن باشقا يەنە شائىرنىڭ لىرىك ھېسسىياتى، پەلسەپىۋى-ئەخلاقىي قارىشى، لىرىك چېكىنمىسى. . . قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىغان قىستۇرمىلار — ئىبرەت، پەند، مۇلاھىزە، ھېكايەت، مۇخەممەس، غەزەل، رۇبائىي، قىتئە. . . لەر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، بۇ تەركىبلەر ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم قىسمى ھېسابلىنىدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھەققىدىكى بايانلار ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئاشۇرسا، بۇنداق لىرىك قىستۇرمىلار ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بۇنى شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارەتلىرىدىن بىرى دېمەي بولمايدۇ.

داستاننىڭ بىرىنچى قىسمى ھەجىم جەھەتتىن ئەڭ چوڭ، مەزمۇن جەھەتتىن ئەڭ ئاساسلىق قىسىم بولۇپ، جەمئىي ئون يەتتە بابتىن تەشكىل تاپقان. بۇ قىسىمدا شائىرنىڭ مەزكۇر داستاننى يېزىشتىكى سەۋەب - مەقسەتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىكى تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، ئۇلار مۇھىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بالاساغۇن، بارسغان، ئوردۇكەنت شەھەرلىرى، بۇ شەھەرلەردە بولۇپ ئۆتكەن سىياسىي - ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، ھاكىمىيەت ئالمىشىشلىرى، بۇ شەھەرلەردىكى ئىلمىي، مەدەنىي ھايات، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللەپ قۇدرەت تېپىشى ۋە چۇشكۇنلىشىشى، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئىلىم - مەرىپەت، دىن ئىشلىرى، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت - كۆرەشلەر؛ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ كېلىپ چىقىشى - نەسەبى، ئىلىم ئىزدەش جەريانلىرى، شۇ جەرياندا باشتىن كەچۈرگەن ھەر خىل سەرگۈزەشت - قىسمەتلىرى، ئوردىدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرى ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ ئىككى ئالىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركى تىللار دىۋانى» نى يېزىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەييارلىق، تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلىرى ۋە ئەسەرلەرنى يېزىش جەريانلىرى؛ ئەسەرلەرنىڭ شۇ مەزگىللەردىكى تەسىرى، تەنتەنىسى، تەقدىرى؛ ئەسەرلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكى، ۋە قىممىتى؛ شۇنداقلا ئىككى ئالىمنىڭ ۋاپاتى، دەپنەگاھلىرى بايان قىلىنغان.

داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمى تۆت بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ قىسىمدا «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى شاھانە ئەسەرنىڭ كېيىنكى دەۋردىكى تەقدىر سەرگۈزەشتىلىرى، ئارىدا بىر مەزگىل يوقىلىپ كېيىن يەنە ئىلىم دۇنياسىدا پەيدا بولۇشتەك بىرقاتار جەريانلار؛

بۇ ئىككى پارچە ئەسەرگە شۇ مەزگىللەردە بېرىلگەن باھا ـ تەقرىزلەر، شۇ مەزگىللەردە يېزىلغان مۇقەددىمە، تونۇشتۇرۇشلار بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمدا يەنە بۇ ئەسەرلەرنىڭ باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش، باشقا ئەللەرگە تونۇشتۇرۇلۇش ئەھۋالـى چۈشەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا يەنە بۇ ئەسەرلەرنىڭ جاھان مەدەنىيىتىدە، ئىلىم دۇنياسىدا تۇتقان يۈكسەك ئورنى، ئەسەرلەرنىڭ تەڭداشسىز يۇقىرى قىممىتى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىلىپ، بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغان ئالىملار، ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

داستاننىڭ ئۈچىنچى قىسمى تۆت بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ قىسىم ئاساسەن ئىككى ئالىم نامىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىغا قايتىدىن تارقالغانلىقى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ خەلقىمىز بىلەن قايتىدىن يۈز كۆرۈشكەنلىكىنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلانغان. بۇ قىسىمدا، خەلقىمىزنىڭ بۇ ئىلمىي ئابىدە ئەسەرلەرنى ئىككىنچى قېتىم قاچان بىلگەنلىكى، ئىككى ئالىم نامىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىغا قانداق تارقالغانلىقى، ئاشۇ ئەسەرلەرنى بىزدە تۇنجى قېتىم كىملەرنىڭ كۆرۈپ، بۇ ھەقتە ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى، بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىش ئەھۋالى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىش جەريانى، شۇنداقلا بۇ ئىككى ئالىم دەپنەگاھلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، قايتىدىن ياسىلىپ پۈتكەنلىكى، خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارلىقى، سۆيۈنۈشى بايان قىلىنغان. داستاننىڭ ئاخىرىغا شائىرنىڭ ئۆز ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە بۇ داستاننى يېزىش جەريانى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ئاساس قىلغان خاتىمە — «تۈگەنچ» ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئەھمەد زىيائىي يازغان «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ

قۇرغۇچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇت» داستانىنىڭ بارلىق مەزمۇنى يالغۇز يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. داستاندا يەنە ئاز بولمىغان قىستۇرما تەركىبلەرمۇ بار. بۇ تەركىبلەر بىر تەرەپتىن يۇقىرىدىمۇ ئېيتقىنىمىزدەك ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەسەر مەزمۇنىنى تېخىمۇ مۇللاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينىغان. داستاندىكى قىستۇرما تەركىبلەرنىڭ بەزىلىرىدە شائىرنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسىلەپ چىققان ھېكمەتلىرى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كۆچلۈك دىداكتىك تۈسكە ئىگە. مىسال ئۈچۈن، داستانىنىڭ ئۈچىنچى بابىغا بېرىلگەن «ئىبرەت» ماۋزۇلۇق قىستۇرمىنى كۆرۈپ باقايلى:

تىرىش سەن ھاياتتا ئۆزۈڭ ياخشى بول،
ۋە يا ياخشىلار پۈتىنىڭ نەقىشى بول.

ئېپار بىرلە بولساڭ يۇقار پۇرىقى،
چىراغ بىلەن بولساڭ تېگەر يورۇقى.

گۈلىستانغا كىرسەڭ پۇرار گۈل بويى،
بۇلاق بىرلە بولساڭ قاندۇرار سۇيى.

ئالىم بىرلە بولساڭ يۇقار ئىلمىسى،
يېمىشلىك دەرەخنىڭ تېگەر مېۋىسى.

بۇنداق شېئىرى تەركىبلەر پۈتۈن داستاندا كۆپ ئۇچرايدۇ. داستاندىكى غەزەل، رۇبائىي، مۇخەممەس، قىتئەلەرمۇ شائىرنىڭ ھاياتلىق قارىشى، تۇرمۇشتىن خۇلاسىلەپ چىققان ھېكمەتلىرى، ئەخلاقى، دىداكتىك تەشەببۇسلىرى ۋە بەزى ساددا پەلسەپىۋى

مۇھاكىمىلىرى ئىپادىلەنگەن. يەنە بەزى قىستۇرمىلاردا بولسا تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخىسلەر ۋە باشقا بىلىملەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ تەركىبلەر يەنە كېلىپ ئەسەرنىڭ باش تېمىسى بىلەن ماھىرانە بىرلەشتۈرۈلگەن.

ئەھمەد زىيائىينىڭ «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇت» ناملىق بۇ داستانى ئۆزگىچە خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئەسەر بولۇپ، ئەدەبىيات خەزىنىمىزدىكى باشقا ھەرقانداق بىر پارچە ئەسەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەردە ئاساسەن ئىلمىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە ۋە بايان قىلىنغان، بۇ مەسىلىلەرنى، يەنى ئەسەرنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى يازغاندا مۇئەللىپ ئۇنىڭغا خۇددى ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلمىيلىكىگە، تارىخىلىقىغا، چىنلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. شۇڭلاشقا، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئىلىم بىلەن، تارىخ بىلەن بىردەك چىققان، ئەسەردە ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلى ئەمەس، بەلكى ئەقلىي تەپەككۇر شەكلى ئاساس قىلىپ قوللىنىلغان. داستاندىكى ئاساسلىق مەزمۇن ئامىللىرىغا قاراپ ئۇنى ئېنسىكلوپېدىيىلىك بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارچە ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدا بەدىئىي ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولغان ماھىيەتلىك تەركىبلەر — ئالاھىدىلىكلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاز. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى باشقا ساپ ئەدەبىي داستان - قىسسەلەرگە ئوخشىتىش ياكى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئەمما، نېمىلا دىگەن بىلەن بۇ ئەسەر ئالدى بىلەن ئەدەبىي شەكىلدە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ئۇنىڭدىكى بارلىق ئۇچۇرلار شېئىرى شەكىل ئارقىلىق، ئەدەبىي ۋاستە ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەردە بەزىبىر بەدىئىي تەركىب، ئەدەبىي ئامىللارمۇ بار، بەزى شېئىرى

تەركىبلەر، بەزى مىسرا - كۇپلېتلار ئەسەرنىڭ ئەدەبىي تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان ئىلمىي ئەسەر، دەپ ئاتاش مۇۋاپىق. ئەدەبىي شەكىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىلمىي مەسىلىلەرنى يېزىش — ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ چوڭ بىر يېڭىلىقى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ قارىشىچىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئەدەبىي تەركىبلەر ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئەسەردىكى ئىلمىي مەسىلىلەر ۋە ھەرخىل بىلىملەر. شائىر ئاشۇ ئىلمىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتا، بىلىملەرنى تارقىتىش - يېزىشتا شېئىرى شەكىلدىن پايدىلانغان. ئاشۇ شېئىرى شەكىل ۋە باشقا ئەدەبىي تەركىبلەر سەۋەبلىك بۇ ئەسەرنى «داستان» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىمىز. تۆۋەندىكى كىچىككىنە بىر پارچىنى كۆرۈپ باقساقلا داستاننىڭ يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلىۋالايمىز:

. . .

تۇرغاندا قىلىپ ئىككى ئالىمنى ياد،
بۇ ئۈچ شەھەرنى ياد ئېتىشتىن مۇراد.

بىلىشتۇر ئالىملار ھايات ئۆتمىشىن،
نە يەردە تۇغۇلۇپ نەلەر قىلمىشىن.

شۇ نىسبەتتە بىزمۇ ئۇلارنى يېزىپ،
بۇ ئۈچ شەھەرنىڭ تەدقىقاتىن قىزىپ.

كېتەيلى بۇ داستان ئارا قىستۇرۇپ،
نىچۇكلۇكىنى ئۇلارنىڭ ئۇختۇرۇپ.

دېيىلمەكتە يۈسۈپ بالاساغۇنى ،
يېزىپ ئۆتىلى ئەۋۋالا بىز ئۇنى.

بۇنى بەزىلەر باشقىچە ئاتاپ،
ئۇنى دەيدىكەن "قارالىغ"، "سىغىنجاپ".

بالاساغۇن كاتتا بىر شەھەر ئىكەن،
موغۇللار ئۇنى "قارالىغ" دەيدىكەن.

بۇ شەھەرنىڭ بۇ كۈن ئىزى ئۆچكەن ئېرور،
ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىدادۇر.

«دىۋان» ئىچرە مەھمۇت خەرىتە سىزىپ،
كېتىدۇ ئۇنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ.

ئەگەر سىزمىغان بولسا ئالىم ئۇنى،
بىلەلمەس ئىدۇق ھېچقاچان ئورنىنى.

«تارىخى رەشىدى» دە بار شۇ نىشان،
قىلۇر مىرزا ھەيدەر بۇ يەڭلىغ بايان:

بالاساغۇن ئىكەن ئاتاغلىق شەھەر،
موغۇللار ئۇنى "قارالىغ" دەپ ئۆتەر .

موغۇلىيەنى تىلغا ئالغان زامان،
تارىخ ئەھلى يازغان بۇ شەھەرنى ھامان.

ئۇنىڭ چوڭلۇقىنى بايان ئەيلىگەن،
ئىلىم ئەھلىنىڭ بىر ماكانى دېيىلگەن.

«سوراھول لۇغات مۇلھىقات» ئىگەسى،
قىلىپ بۇ شەھەر چوڭلىقى بەلگۇسى:

سەمەرقەندتە ئۇندەك ئالىمنى ساناپ،
بۇنىڭدا ناھايىتى كۆپنى ئاتاپ .

ئۆتۈپتۇركى، قىلماس تەبىئەت قوبۇل،
دەپ، ئالىم بۇ جايدا نېچۈن بۇنچە غول.

يەنە ئېتىبارلىق تەۋارىخلىدە،
دېيىلگەن مۇشۇنداق ئۇنىڭ ھەققىدە.

شەھەرنى بىنا قىلغان ئەفراسىياپ،
ئۇنى پايتەخت قىلىشقا ئاتاپ.

بالاساغۇن ھەققىدىكى مانا مۇشۇ پارچىنىڭ يېزىلىشىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، شائىر بالاساغۇننى تارىخي ۋە ئىلمي نۇقتىدىن تونۇشتۇرغان. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ خاراب بولۇشىغىچە بولغان ئۇزۇن جەريانىنى، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى، ئىلىم دۇنياسىدا تۇتقان مۇھىم ئورنىنى تارىخي ئەسەرلەر ئاساسىدا چۈشەندۈرگەن. شائىرنىڭ بالاساغۇن ھەققىدە يازغانلىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تەسۋىرلەردىن كۆرە، ئىلمي ئەسەرلەردىكى دەلىللەشلەرگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ.

داستاننىڭ يېزىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن

قارىغاندا، داستاندىكى ھەر بىر نۇقتا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدىكى بايانلار شۇنداق ئىنچىكە ۋە تولۇق بېرىلگەن. باياندىكى مۇشۇنداق ئالاھىدىلىك سەۋەبىدىن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىمۇ ناھايىتى مول بولغان. «مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىش» — ئەھمەد زىيائىي داستانچىلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە بۇ داستاندىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقەرىلەر ئۇيغۇر ئالىملىرى بولغانلىقى ئۈچۈن شائىر ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئېتنىك تەركىبلىرى، نامى، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلىرى ھەققىدىمۇ كۆپ مەلۇماتلارنى بەرگەن؛ بۇ ئالىملار قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، شائىر داستاندا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىنى، ھەتتا خانلىقنىڭ نامى بولغان «قارا» سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە نېمە ئۈچۈن خانلىققا نام قىلىنغانلىقىنى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بەرگەن. بايانلار مانا مۇشۇنداق تولۇق ۋە مۇكەممەل بولغاچقا، كىتابخان بۇ داستاندىن ھەقىقەتەن ناھايىتى كەڭ ھەم ناھايىتى مول بىلىم ئالالايدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىش كېرەككى، ئەھمەد زىيائىينىڭ مەزكۇر «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇت» داستانى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە يېگانە ئالىملىرىمىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى بارلىق بىلىملەرنى ھەم مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇس خاراكتېرىدىكى قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ داستاننىڭ ئەڭ قىممەتلىك تەرىپىمۇ مانا مۇشۇ.

ئەھمەد زىيائىينىڭ بۇ داستاننى يېزىشتا ئۆيلىغان يەنە بىر

مەقسىتى بار. بۇ مەقسەت تېخىمۇ يۈكسەك ۋە تېخىمۇ قىممەتلىك. شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

بۇ شېئىرى رومانىنى يېزىشتىن مۇراد،
قىلىشلا ئەمەس ئىككى ئالىمنى ياد.

ئەمەس قەستى سورۇش كونا خامانىنى،
ۋە يا يېزىپ ئۆتمەك قاراخانلىنى.

ئېرۇر قەستى تارىخنى يورۇتۇش،
ئۇلار ـ باللارنى نوقۇپ ئويغۇتۇش.

بوۋاڭ كىم ئىدى؟ بىل! چۈشەنگىل دېمەك،
ئۇلارنىڭ يولىنى ئۆگەنگىل دېمەك.

ئىجادكار بۇ ئەجدادلىدىن ئۈلگە ئال،
ئۇلاردەك يوقالماس كىشى بول ۋە قال.

سېنى ئوراپ ئالغان زامانىنى چۈشەن،
زامانىۋى ئىلىم ـ پەن ھۈنەرنى ئۆگەن.

دېسەڭ ماڭا بولسۇن ھاياتلىق ئورۇن،
ئۆزۈڭگە، ۋەتەنگە ھەقىقىي كۆيۈن.

مۇشۇنداق يېزىپتۇر «قۇتادغۇ بىلىك»،
بۇنى ئۇيلا ياخشى ئى ئەقلى تىرىك.

. . .

1989- يىلى شىنجاڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى بۇ ئەسەرنىڭ ئالدىنقى تۆت بابىنى ئايرىم كىتابچە قىلىپ باستۇرۇپ، شۇ يىلى قەشقەردە ئېچىلغان مەملىكەتلىك 2- نۆۋەتلىك «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مەزگىلىدە يىغىن ئەھلىگە تارقىتىپ بەردى. بىزگە بۇ ئەسەر ھەققىدە نىسبەتەن ياخشىراق مەلۇمات بېرىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال ئەنە شۇ كىتابچە بولۇپ قالدى.

## 5. تارىخي رومان «توت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم»

ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە شېئىرىي شەكىل ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتمىش يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا نوقۇل شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيەت خەزىنىسىگە مول بايلىقلارنى قالدۇرغان. لېكىن، ئەھمەد زىيائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا نەسرىي شەكىلدە ئۆزىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يېرىم ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن زور ھەجىملىك تارىخىي بىئوگرافىك رومان يېزىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن تۈنجى قەدەمنى باشلىغاندا بولسا، رەھىمسىز كېسەل ئۇنى بۇ ئەمگىكىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكىنى قايتا داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. تارىخىي تېمىدىكى بۇ رومان ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى يېڭى بىر سەھىپىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئەھمەد زىيائىي 80- يىللارنىڭ بېشىدا تۈرمىدىن ئاقلىنىپ چىققاندىن كېيىن دەرھال ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى. لېكىن، بۇ مەزگىل ئەھمەد زىيائىينىڭ يېشى يەتمىشكە يېقىنلاشقان، يىگىرمە يىل رىيازەت چېكىش داۋامىدا بەدىنى زەئىپلەشكەن، تۈرلۈك كېسەللەر چىرمىۋالغان ۋاقىت ئىدى. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى

ئۆمرىدە بىر مىنۇتمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، تېخىمۇ كۆپ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى قالدۇرۇشقا تىرىشتى.

1) ئەسەرنىڭ يېزىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار

ئەھمەد زىيائىينىڭ كېيىنكى ئېغىر ئىشتىن كېيىن قوينىدىن ئەھمەد ... قالغان كۇنلەرنىڭ بىرىدە غۇلجىلىق بىر مويسىپىت كىشى ئۇنى ئىزلەپ كېلىپ تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن، قوينىدىن ئەھمەد زىيائىينىڭ «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ئەسىرىنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرنى بوران - چاپقۇنلۇق يىللاردا يۇرىكىنىڭ قېتىدا ساقلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى ئەھمەد زىيائىيغا تەقدىم قىلغان. ئۇ كىشى: «مېنىڭ يېشىم سەكسەنگە يېقىنلاشتى، نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈردۈم، شىنجاڭنىڭ 30-، 40- يىللاردىكى سىياسىي داۋالغۇشلىرىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن، بولۇپمۇ شېڭ شىسەينىڭ سىرىنى ئوبدان بىلىمەن. بىر ئەسلىمە يېزىش نىيىتىدە ئىدىم. سىلىمۇ بۇ دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن، نۇرغۇن ئىشلارنى ئوبدان بىلىلا، شۇڭا بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە سىلى بىلەن سىردىشاي دەپ كەلدىم» دېگەن. ئەھمەد زىيائىي بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇرسەن بولغان. ئۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا مۇشۇ داۋالغۇشلۇق يىللاردىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى قالدۇرۇپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتقان. ئىككىيلەن بۇ ھەقتە ئۇزۇنغىچە پىكىرلەشكەن.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى ئۇنىڭدىن: «دادا، سىلىدىمۇ مۇشۇنداق ئوي بارمىدى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆمۈر بويى شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدىم. ئويلىسام يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ. دەرۋەقە شىنجاڭنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئۆزگىرىش، داۋالغۇشلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزدۈم، شۇ مۇھىتتا ياشىدىم. كېيىنكىلەرگە مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئەينەن يەتكۈزۈش ئويىدا ئىدىم. لېكىن، قولۇمدا

‹ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇت›
بولغاچقا يېتىشەلمىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ بىۋاستە كۆرگەنلىرىمگە ئاساسلىنىپ بىئوگرافىك ئەسەر سۈپىتىدە يېزىشنى ئويلاۋاتىمەن. مەقستىم ئۆزۈمنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى تىرىك شاھىت سۈپىتىدە شىنجاڭنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئىجتىمائىي داۋالغۇشلىرىنى بىر قەدەر ئەينەن يورۇتۇپ بېرىش. بېشىنى باشلاپ قويدۇم، ئۆمرۈم يار بەرسە چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن».

80- يىللاردىكى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومانلار ساناقلىقلا بولۇپ، ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۆمرى يار بەرگەن بولسا بۇ ئەسەر ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بېسىلغان يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەم بولۇپ قالاتتى.

## 2) ئەسەرنىڭ نامىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار

ئەھمەد زىيائىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ئىچىدىن بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى بايقالغان. ئەسەرگە «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» دېگەن نام قويۇلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ تۇنجى بابىنى باشلاپ 32 فورماتلىق قارا تاشلىق خاتىرىگە ئۇتتۇز بەت يېزىپ قالدۇرغان.

ئەھمەد زىيائىينىڭ ھاياتى سەرگۈزەشتىلەرگە تولغان ھايات. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈرمىدە نەزەربەنت ئاستىدا ئۆتكەن. ئەھمەد زىيائىي 1935- يىلى «يېڭى ھايات گېزىتى» دە ئىشلىگەندىن باشلاپ، شىنجاڭدا بولۇۋاتقان ھەر خىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇ كىشىلىك ھاياتىدا قانخور شېڭ شىسەي ۋە ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ دەۋرلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. ئەھمەد زىيائىي ھايات ۋاقتىدا بالىلىرىغا ۋە ئۆز يېقىنلىرىغا ھاياتىدا نەچچە قېتىم ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن.

1943- يىلى 4- ئايدا شېڭ شىسەي بۇيرۇق بىلەن ئەھمەد زىيائىينى «شىنجاڭ گېزىتى» گە يۆتكىگەن. بۇنىڭ نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىش ئىكەنلىكىنى ئەھمەد زىيائىي ئۆزىمۇ بىلەتتى. ئۇ يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ئايالىغا: «شېڭ شىسەينىڭ ئىپلاس تىرناقلىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى، بۇ قېتىمقى يۆتكەش ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، بېشىمغا نېمە كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى بىلمەيمەن، باللارغا ياخشى قاراڭلار» دېگەن. ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۈرمىگە تاشلانغان. 1946- يىلى ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدىن كېتىش ھارپىسىدا غالجىرلىق بىلەن تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى سوراق قىلمايلا قەتلە قىلىشقا باشلىغان. ئەھمەد زىيائىيمۇ شۇ قاتاردا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان. مەھبۇسلارنى ھەر كۈنى يىگىرمە - ئوتتۇزدىن تاغارغا سولاپ قارا ماشىنىغا بېسىپ ليۇداۋاندىكى كۆمۈر خاڭلىرىغا تاشلايدىغان بولۇپ، نۆۋەت ئەھمەد زىيائىيغا كېلىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن مەھبۇسلارنى تاغارغا سولاپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا ليۇداۋاننىڭ ئېگىز - پەس يولىدا بىر تاغار چۈشۈپ قالغان. يېرىم كېچە بولغاندا بىر كۆمۈر توشۇغۇچى مىدىرلاپ تۇرغان بۇ تاغارنى ئۇچرىتىپ ئىچىدىكى مەھبۇسنى قۇتقۇزۇۋالغان، ئۇ بىر خەنزۇ مەھبۇس بولۇپ، شەھەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ۋۇجۇڭشىن كېتىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ بۇ خەۋەرنى بىر ئاماللار بىلەن جاڭ جىجۇڭغا يەتكۈزگەن. بۇنى بىلگەن جاڭ جىجۇڭ تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن. بۇ ۋاقىت دەل گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىتىم تۈزۈپ سىياسىي جىنايەتچىلەرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى كېلىشكەن ۋاقىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد زىيائىي بىر قېتىملىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان.

1946- يىلى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئەھمەد زىيائىي سودا

كارۋىنى تەشكىل قىلىپ ھىندىستانغا بېرىپ تىجارەت قىلغان. بۇ جەرياندا لاداخ يولىدا نۇرغۇن خەتەرلەرگە يولۇققان. ئەھمەد زىيائىي ئۆزىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىنكى سەئىدىنىنىڭ روھى ھالىتى بىلەن ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ:

ئۆلۈم خەۋپى كىشىنىڭ باشىغە چۈشسە،
ئۇنىڭا ئۆلتۈرۈش خەۋىرى يىتۈشسە،
قېتىپ قالىدۇ بولۇپ ئۇ بىر قاتتىق تاش،
تېمىمايدۇ كۆزىدىن تامچىمۇ ياش.
بۇ داستاننى يېزىۋاتقان ئاجىز قۇل،
كەچۈردى مۇشۇ ھالنى ئۈچ قېتىم ئۇل،
پەقەتلا چىقتى ئاھ دەردلىك يۈرەكتىن،
ئۆزىنى توستى ئارتۇق سۆز دېمەكتىن.

بۇ ئارقىلىق ئەھمەد زىيائىي ئادەمنىڭ بېشىغا ئۆلۈم خەۋپى كەلسە قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا بۇ خىل كەچۈرمىشنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۆز ئەسىرىگە «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» دەپ نام قويۇشى ئەسەرنىڭ چىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ئەسەرنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش نىيىتى بارمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەسەرنىڭ نامى ئۈستىگە بىر پارچە ئاق قەغەز چاپلاپ قويغان. دېمەك، ئاپتور ئەسەرنىڭ نامى ئۈستىدىمۇ قايتا ـ قايتا ئويلانغان. بۇ ئاپتورنىڭ ئەدەبىي

ئىجادىيەتتىكى ئەستايىدىل پوزىتسىيىسىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىدۇ.

## بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەسەر ئوتتۇز ئورگىنالىلا يېزىپ قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ نامىدىن كېيىن مۇنداق باشلىنىدۇ:

هەپەنجىكام ئۆلەپتۇ،
ئاق مازاغا كۆمەپتۇ،
يىغلىغىلى ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.
(قەشقەر خەلق ماقاللىرىدىن)

مۇشۇ يېزىلغانلارنىڭ بارلىقى بولۇپ ئۆتتى. مەن ۋە مەندەك نۇرغۇن كىشىلەر شۇ كۇنلەرنى كەچۇردۇق. ئەگەر بۇ كۇنلەرنى كەچۇرمىگەن بولسام، مەنمۇ سىزلەرگە ئوخشاش، بۇنداق كۇنلەرنىڭ ئادەم بېشىغا كېلىشىگە ئىشەنمىگەن بولاتتىم.
يازغۇچىدىن

مۇشۇ بىر ئابزاس سۆزدىنلا بىز ئاپتورنىڭ ئۆز هاياتىدا بوگۇنكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك دەرىجىدە ئېغىر كۇنلەرنى باشتىن كەچۇرگەنلىكىنى ھەمدە مۇشۇ ھايات سەرگۇزەشتىلىرىنى ئۆز ئەسىرىدە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى هېس قىلىمىز.
ئەسەر «تۇنجى ئۇچقۇن» نامىدىكى بابتىن باشلىنىدۇ. ئاپتور

ئالدى بىلەن زۇلۇم - كۈلپەت، جەھىل - جاھالەتنىڭ قارا داغلىرى ئىچىدە تۇرغان قەشقەرنىڭ ھەسرەتلىك ھالىتىنى تەسۋىرلەپ، دۇنيادىكى ناھەقچىلىقلاردىن غەزەپلەنگەندەك قاندەك قىزىرىپ، ئۇپۇقنى يېرىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ئاستىدىكى باھار گۈزەللىكىگە تولغان قەشقەرنىڭ خۇددى مەھبۇبىدىن ئايرىلغان نازىنىنلاردەك مەيۇسانە ھالدا تۇرغانلىقىنى مۇنۇ قىتئە ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

نەسۇد ئول ھۆسنىدىنكىم بولمىسا كۆڭلىدىكى يارى،
مۇرادسىزلىق خازانىدىن سولاشقان تۇرسا گۈلزارى،
قونۇشقا گۈللەرىغە تافمىسا بۇلبۇللىرى پۇرسەت،
يۈرەك دەردىنى ئەيتىشقا قىنى بىر يار دىلدارى.

«قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەك مەشھۇر ئەسەرلەرنى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، ئابدۇرېھىم نىزارىدەك داڭلىق ئالىم، بۈيۈك شائىرلارنى يېتىشتۈرگەن ئەزىز يۇرت قەشقەرنىڭ ئازابلىنىپ ھەسرەت چېكىۋاتقان بۇ ھالىتىگە مۇنۇ رۇبائىي ئارقىلىق تەسەللى بېرىدۇ:

ئى گۈزەل قەشقەر! تولا قايغۇرما خارلىق يەتتى دەپ،
بالىلىرىم مېنى مۇشۇنداق ھالدا تاشلاپ ئەتتى دەپ،
ھەر قارا تۈننىڭ تېڭى بار، ھەر تىكەننىڭ گۈللىرى،
بولما ئۈمىدسىز كۈنۈم، ئەمدى مۇشۇنداق كەتتى دەپ.

ئاپتور سىياسىي، ئىقتىسادىي، تەربىيىۋى چۈشكۈنلۈك ئاستىدىكى قەشقەرنىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۆز تىكىپ، يۇقىرىقى مىسرالار ئارقىلىق ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىقى تەسۋىرلەردىن كېيىن، ئاپتور سۆزىنى يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىتتىن باشلايدۇ. يىگىت ئاتىسىنىڭ مىڭ جىلىددىن ئارتۇق كىتابقا ئىگە ئائىلىسىۋى كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئۇستىگە ھۆسنى خەت بىلەن «مىللى يول» دەپ يېزىلغان بىر كىتابقا چۈشىدۇ، كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا «ئىدىل ئورال تۈركلىرىنىڭ نەشر ئەفكارى، بېرلىن، 1931- يىل 8- ئاۋغۇست» دەپ يېزىلغانىدى. يىگىت بۇنىڭ ئاكىسى ئەۋەتكەن كىتابلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە ئاپتور يىگىتنىڭ ئاكىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاكىسى ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئالىم ئىدى. يىگىت كىتابنى ئېلىپ باغقا كىرىپ كېتىدۇ، كىتابتىكى «گۈلنىساھ» سەرلەۋھىلىك ماقالىنى ئوقۇيدۇ، قۇمۇلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا يېزىلغان بۇ ماقالە يىگىتكە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ھاياجان ئىلكىدە ئالىي تۇيغۇلارغا باشلايدۇ، گويا قەشقەر يېقىن ئارىدا ئۆزىنى بېسىپ ياتقان زۇلۇم تۇمانلىرىدىن قۇتۇلىدىغاندەك، غەپلەت ئورنىغا غەيرەت ۋە سائادەت تۇرغۇزۇلىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئاپتور يىگىتنىڭ بۇ ھېس — ھاياجانلىرىنى تۆۋەندىكى قىتئە ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

نە بولغاي ئەي پەلەك ئەمدى جەفا خۇيىڭنى تەرك ئەتسەڭ،
شۇ غەپلەت ئىچرە قالغانلەرگە بىر غەيرەتنى كۆرسەتسەڭ،
ئادالەتسىز زامانسەن بىر قارا يۈز ھەمدە ۋاپاسىز،
چېكەرسەن بىر كۈنى قىلغان ئىشىڭنىڭ دەردىنى بىلسەڭ.

ئاپتور «ھېلىقى ئوغۇلنىڭ ھايات تارىخىدىن بىر سەھىفە» تېمىسى ئاستىدا مۇنداق يازىدۇ: «قەلەم بۇ يەرگە كەلگۈنچە ھېلىقى ئوغۇل دەپ كېلىۋاتقان سىيمانى بىر ئىزاھلاپ ئۆتۈلسۇن. چۈنكى،

‹تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم› ھەققىدە سۆزلىمەي ئۆتۈلسە بولمايدىغاندەك.» دېمەك، ئەسەردىكى باش قەھرىمان ئاشۇ ئوغۇل ئىدى.

ئاپتور بۇ يىگىتنىڭ ئاتىسى بىنا قىلغان ئالىي مەدرىستە قۇيۇق ئىلىم مۇھىتى ئىچىدە چوڭ بولغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرى، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى بىرمۇ بىر بايان قىلىدۇ. بىر كۈنى يىگىتنىڭ ئاتىسى بىر مۇشائىرە سورۇنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا شۇ مىنۇتتا كۆرۈلۈۋاتقان قارلىق تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ھەققىدە قىسقا تەسۋىرىي شېئىر يېزىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇ قاتاردا ھېلىقى يىگىت پارىسچە مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىر يازىدۇ:

ئەجرامى كوھھاست ناھان گەشتەزىرى بەرىف،
چۈن پۇنبەدا نەكى دەر پۇتبەھەسەت ناھان،
(مەنىسى: تاغلارنىڭ گەۋدىسى قار ئاستىغا شۇنداق يوشۇرۇنۇپتىكى، خۇددى چىگىت پاختا ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك)

يىگىتنىڭ ئاتىسى ۋە مۇشائىرە سورۇنىدىكىلەر بۇ شېئىرغا ناھايىتى ئۇستۇن باھا بېرىدۇ. شۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي كېيىن، بۇ يىگىت مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستاننى يېزىپ تاماملاپ ئۇنىڭغا «زىبائىي» دېگەن تەخەللۇسنى قويۇپ ئاتىسىغا سۇنىدۇ ھەمدە يۇقىرىقى شېئىر مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزىگە بېرىلگەن «بەرقى» (چېقىن) تەخەللۇسىنىڭ چېقىنىنىڭ پال - پۇل قىلىپلا ئۆچۈپ قېلىشىنى كۆزدە تۇتقاندا نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ، ئاتىسى بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت بىر ئۆمۈر شۇ تەخەللۇسنى قوللىنىپ كېلىدۇ.

ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىۋاتقان يىگىت باتۇر، قەيسەر، تىرىشچان، ئىلىمگە خۇددى پەرۋانە ئۆزىنى يورۇقلۇققا ئۇرغاندەك ئۆزىنى ئۇرىدىغان بىر يىگىت ئىدى. ئۇ گەرچە باياشاتلىق ئىچىدە چوڭ بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئاستىدىكى بوز ئاتقا، بايلىققا قىزىقمايتتى، كىتابقىلا قىزىقاتتى. ئاپتورنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئۇ مۇشۇ كۇنلەردە ياغ قويۇلۇپ، پىلتە سېلىنىپ تەييارلانغان، پەقەت ئوت يېقىلسىلا پارلىداپ نۇر بېرىدىغان بىر چىراغ ھالىتىدە ئىدى»

ئاپتور پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىمگە بېرىلگەن بۇ يىگىتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى، ئۇنىڭ ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئاتا تەربىيىسى ھەققىدە توختىلىپ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى ئاتا تەربىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر تەسىرلىك ۋەقەنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ يەتتە ئوغلىنى مۇشۇنداق تەربىيىلەپ ئەرەب، پارسچىدىن مەلۇماتلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرگەن، بىر جاھگال بويىدا ئۆلتۈرۈپ نۇرغۇن ياش بالىلارنىڭ ئاغزىغا ئىمان، دىلىغا ئىلىم سېلىپ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم يولىغا سەرپ قىلغان بۇ ئۇلۇغ ئاتا ھەققىدە ھەمدە ئۇنىڭ شېئىرىي تالانتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ، ئۇنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ:

ھەر باھار بولغاچ كۆڭۈلگە خۇش كىلۇر دىلدارى گۈل،
لېكىن ئاشىق كۆڭلىنى ئۆرتەر سەھەر گۈلنارى گۈل،
ھەر نۇچۇك گۈل ۋەسفىنى قىلماققا رايىم يوق مېنىڭ،
بىر گۈلى ۋەسفىن قىلايكىم بارچەگە سەردارى گۈل.

يىگىت گۈزەل باغ ئىچىدە باھار مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئۆلتۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

ئەي باھار قالغاچلىرى خۇشلۇقتا يايرايسەن ئەجەب،

چاك ئېتىپ سۈزۈك ھەۋانى شاد ئوينايسەن ئەجەب.
كەڭ فەزانىڭ بوشلۇقىدا بىر - بىرىڭنى قوغلىشىپ،
شۇنچە كەڭ ئاسمان ئىچىگە ھېچ سىغمايسەن ئەجەب.
بۇ زەبەرجەد قەسرىنىڭ ماۋى بويالغان تاقىنى،
تېز ئۇچۇپ كېسىپ ئۆتۈپ بىر جايغا قونمايسەن ئەجەب.
ئېھتىمال يەتكەنمىكىن بىر نەۋ باھاردىن خۇش خەۋەر،
شۇ قەدەر شوخ سەن بۇكۈن قىن-قىنىغا پاتمايسەن ئەجەب.
كۆل بويىدا ئارزۇ گۈلزارىغا مەپتۇن بولۇپ.
تۇرغۇچى بۇ ياش ئوغۇل ھالىنى سورمايسەن ئەجەب.

يىگىت خۇشبۇي ھىد بىلەن تولغان جىگدىلىك يايلاقتا ئات بېقىپ ئولتۇرۇپ، كۆكنى چاڭ كەلتۈرۈپ سايراۋاتقان كاككۇكلارغا قاراپ - قاراپ مۇنداق يازىدۇ:

ئەجەب جان كۆيدۈرەر بىر ئۈن بىلەن سايرايسەن كاككۇك،
باھار شۇنچە گۈزەللىكتە ئارام ئالمايسەن كاككۇك،
قېنى ئۇ سۆيگۈنۈڭ زەينەپ! ئۇنۇڭ شۇنچە ئېرۇر ئوتلۇق،
ھارارەتلىك بۇ ئوت ئىچرە كۆيۈپ يانمايسەن كاككۇك.
قىلىپ پەرۋاز ھاۋادا، زادى يالغۇز يۈرگىنىڭ يۈرگەن،
دىلىڭدا سۆيگۈ سىرى بار، شۇڭا قورقمايسەن كاككۇك.
يېقىملىق ھەممىگە شاۋقۇن، جاراڭلىق كۈلكە ئەۋازىڭ،
جاھان ئاشىق سادايىڭغا بۇنى ئۇقمايسەن كاككۇك.
ھەئە! ھەق سۆيگۈ ئەھلى مەڭگۈ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر،
ھەقىقەتنىڭ بۇ ھۆكمىدىن سىرىت تۇرمايسەن كاككۇك.

يىگىت مانا مۇشۇنداق ئىلھام ۋە تەپەككۇر دولقۇنلىرى ئىچىدە دېھقانچىلىق قىلىش، ئات - ئۇلاغلارنى بېقىش ، تارىخنـــي،

ئەدەبىيات كىتابلىرىنى مۇتالىئە قىلىش بىلەن تالاي كۈنلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسى ئۇنى كۇتۇپخانىسىغا چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن كەلگەن ئىككى پارچە مەكتۇپنى ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ مەكتۇپلەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتقان قۇمۇل ۋە خوتەندىكى ئىككى ئوقۇغۇچىسىدىن كەلگەن بولۇپ، قۇمۇلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا، قۇمۇلدىكى ۋەقەدىن ئىلھاملانغان خوتەن خەلقىنىڭ ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا يېزىلغانىدى. دادىسى يىگىتكە جىددىي تۇستە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىشلار كىچىك ئىش ئەمەس، ئۆتمۈشتە سان ـ ساناقسىز باشلار كېسىلىپ قان بىلەن لاي تۇپراققا ئايلانغان. بۇ تۇپراقتا يەنە مىڭ ـ مىڭلاپ باشلار كېسىلىپ قان دەريالىرى ئاقمىدىغاندەك تۇرىدۇ، ھوشيار بولۇش كېرەك. ئەمدى دەرس ئوقۇتۇش تۈگىدى. سەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن دەرس ئوقىيالمايسەن، بۇنىڭدىن كېيىن مۇتالىئە بىلەن شۇغۇللان! كۆپلەپ تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇ، ئىبرەت ئال، غاپىل بولما!» يىگىتنىڭ يۈرىكى ئوتتەك بىر يالقۇن ئىچىدە ھاياجاندا تېپچەكلەيدۇ. شۇ مىنۇتتا مۇنۇ رۇبائىينى يازىدۇ:

كۆرۈڭلەر تۇرفە غەيرەتكىم بېرىپ باشنى تۆكۈپ قاننى،
ئېچىپتۇر قەھرىمانلەر ئۆز ئىلىگە يېڭى دەۋراننى،
يېڭەلمەپتۇ قوراللىق دۈشمىنى ئۇلارنى ھېچ جەڭدە،
قاچان يامغۇر ئۆچۈرگەن بار، ئېتىلغان كاتتا ۋولقاننى.

دەل مۇشۇ رۇبائىيدىن كېيىن ئاپتور قەلىمىنى توختاتقان. قولىيازمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىدە ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە شىنجاڭنىڭ تارىخىغا ئائىت زور ۋەقەلەر ھەققىدە توختىلىدىغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «شېڭ تۈرمىسىدىكى قاماقتا ئۇچراشقان بىر ئالىم بىلەن، قۇمۇل

ئىنقىلابى ، خوجانىياز ھاجى ھەققىدە ھەم بۇ ئىنقىلابقا ستالىن قولىنىڭ قانداق ئارىلاشقانلىقى، سېيىتھاجى نۇرھاجى، ئابدۇقادىر ھاجى، ئىنىرسوف سالكىن ۋە يەرلىك سېتىلدىلەر ھەققىدە ئايرىم بىر بۆلۈم بېرىلىشى مۇمكىن. بۇ باب قۇمۇل ئىنقىلابى ۋە شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىشى لازىم»

بۇ ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان يىگىت دەل ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۆزى. ئەسەردىكى ۋەقەلىك بىلەن بىز بىلىدىغان ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ماس كېلىدىغانلىقى ئەسەرنىڭ چىنلىقىغا ناھايىتى كۈچلۈك ئاساس بولالايدۇ. ئىنقىلابنىڭ خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن يىگىت (ئەھمەد زىيائىي) بىر كېچىسى ئاتىسىغىمۇ ئۇقتۇرماي قەشقەرگە يول ئالىدۇ. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئاتىسىغا بىر پارچە خەت يوللىۋېتىپ ئاكىسىنى ئىزلەيدۇ. ئاكىسى ئاتامنى خاپا قىلىپ چىققان ئوخشايدۇ دەپ ئۇيلاپ ئۇنى قارشى ئالمايدۇ. بىر مەزگىل خىزمەت تاپالماي يۈرۈپ خېلى جاپا چېكىدۇ. بىر كۈنى خۇشخەت يازالايدىغان ئادەم لازىملىقى ھەققىدىكى ئېلاننى كۆرۈپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئۇنى ئاق ساقاللىق پەرىشتە سۈپەتلىك بىر كىشى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ كىشى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئىدى. ئۇ قەشقەر گېزىتىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىغا پۇختىلىقى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنى بەكمۇ مەمنۇن قىلىدۇ. ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلەرگە تولغان ھايات مۇساپىسى مانا مۇشۇنداق باشلىنىدۇ. . .

4) ئەسەرنىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭدىكى لىرىك تەركىبلەر

ئەھمەد زىيائىي ھايات چېغىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىل ساپلىقىنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ تىل ئىشلىتىشى ھەققىدە توختىلىپ خورسىنىش ئىچىدە مۇنداق

دېگەنىدى: «ئەسەرلىرىمدە پارىسچە، ئەرەبچە سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزلەرنى يۇقرانىڭ تولۇق چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن. ئەسەر يازغاندا ساپ ئانا تىل بىلەن يازاي دەيمەنۇ، قولغا قەلەمنى ئالغاندا غەيرىي سۆزلەر ئارىلىشىپ قالىدۇ. ھازىر بىزنىڭ بەزى ئوتتۇرا ياش، ياش شائىرلىرىمىز، ھەۋەسكارلىرىمىزمۇ ئەسەرلىرىگە ئەرەبچە، پارىسچە سۆزلەرنى قوشۇۋېلىۋاتىدۇ. بىزغۇ كونا ئادەملەر، بۇرۇن شۇ تىللارنى ئۆگەنگەن، شۇڭا بىلىپ - بىلمەي ئارىلاشتۇرۇپ قويىمىز. ئۇلار نېمىشقا ئارىلاشتۇرۇۋالىدۇ؟ بەلكىم ئۇ بىزدىن يۇقىرى كېسەل بولسا كېرەك. شۇڭا، مەن خېجىل. مەن ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بولسىمۇ، بۇ كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن ئاز - تولا ھەسسە قوشمىسام بولمايدۇ».

«تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» ناملىق بۇ ئەسەرنى يازغاندا ئەھمەد زىيائىي ئامالىنىڭ بارىچە خەلق تىلىغا يېقىن سۆزلەر بىلەن يېزىشقا تىرىشقان. ئەسەرنىڭ بېشىغا قارايدىغان بولساق قايسىبىر مەشھۇر ئەدىب ياكى داڭلىق شائىرنىڭ شېئىرلىرى نەقىل قىلىنغان بولماستىن، بەلكى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان بىر كۇپلېت خەلق قوشىقى نەقىل قىلىنغان. ئەسەردە يەنە قەشقەر شىۋىسىدىكى سۆزلەرمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت داۋامىدا شەكىللەنگەن تىل ئىشلىتىش ئادىتى سەۋەبىدىن ئەھمەد زىيائىي ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدىمۇ ئەرەبچە، پارىسچە سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن خالىي بولالمىغان. قىسقىغىنا بۇ قول يازمىدا ئىزاھات بېرىشكە تېگىشلىك ئەرەبچە، پارىسچە سۆز نەچچە ئونغا يېتىدۇ.

«تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» ناملىق بۇ ئەسەردىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك ئۇنىڭدىكى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان لىرىك تەركىبلەردۇر. ئوتتۇز ئورىگىنالىلا كېلىدىغان بۇ قوليازمىدا بىر كۇپلېت خەلق قوشىقى، ئىككى

كۇپلېت رۇبائىي، ئىككى كۇپلېت قىتئە، ئىككى پارچە غەزەل، بىر كۇبلېت قەسىدە بېرىلگەن بولۇپ، بۇ لىرىك تەركىبلەر ئەسەرگە ئالاھىدە زىنىنەت بېغىشلاپ تۇرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان يىگىت كىچىكىدىنلا بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان، شېئىرىيەتكە ھەۋەس قىلىدىغان يىگىت بولۇپ، گۈزەل باغ مەنزىرىسىدىن، ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلاردىن ئىلھاملىنىپ غەزەللەرنى يازىدۇ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان ئوغلانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن خەۋەر تېپىپ ئوتلۇق يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان مىسرالارنى تىزىدۇ. بۇ مىسرالار يىگىتنىڭ تالانتى ۋە بىلىمنى ئىپادىلەپلا قالماستىن ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتقا بولغان قارىشى ۋە ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ئىنتىلىدىغان قەيسىرانە جاسارىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئەسەر گەرچە نەسرىي شەكىلدە كېتىۋاتقان بولسىمۇ بۇ لىرىك قىستۇرمىلار ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئوقۇرمەنگە ئالاھىدە ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ، ئاپتورنىڭ قېرىنداش شېئىرى تالانتىدىن يەنە بىر قېتىم ھوزۇرغا ئىگە قىلىدۇ.

بىز قولىيازمىنى ئىنچىكە ئوقۇپ چىقىدىغان بولساق، ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز. ئۇنىڭ پاساھەتلىك تىل بىلەن بايان قىلغان ۋەقەلىكلىرى ئىچىگە كىرىپ كېتىمىز. ئۇنىڭ باغ ھەققىدىكى، تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىمىزنى ئاشۇ باغ ئىچىدە، ئاشۇ گۈزەل مۇھىت ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىمىز.

ئەھمەد زىيائىينىڭ «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تېرىلگەن ئادەم» ناملىق بۇ تارىخىي رومانىنى يېزىپ تاماملىماي تۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتۈشى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. بۇ ئەسەر يېزىپ

تامامـلانغان بولسا، ئەدەبىيات خەزىنىمىزگە ئەھمەد زىيائىي ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر يېڭى مېۋىسى قوشۇلغان بولاتتى. ئەھمەد زىيائىينىڭ هايات كەچۈرمىشلىرى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى، هايات تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسىلەپ چىققان ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، دىداكتىك قاراشلىرى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يېرىم ئەسىرلىك تارىخى بايان قىلىنغان چوڭ ھەجىملىك ئۈنۈۋېرسال ئەسەر، مەنىۋى دۇنيايىمىزنى بېيىتقۇچى قىممەتلىك بىر بايلىق بولۇپ قالاتتى. لېكىن، ئۇنداق بولمىدى. تارىخ بىزگە مەڭگۈلۈك بىر ئەپسۇسلۇقنى قالدۇردى. بۇنى پەقەت ئەھمەد زىيائىينىڭ بىزگە قالدۇرغان باشقا ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىقلا تولدۇرغىلى بولىدۇ. ئەھمەد زىيائىي بىلەن ئۇزۇن يىل بىرگە ئىشلىگەن تارىخ تەتقىقاتچىسى لىۋ جىشياۋ ئەپەندىم مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئۆز ئەسىرىمنىڭ ئىككىنچى تومىنى («ئۇيغۇر تارىخى» نىڭ ئىككىنچى تومىنى دېمەكچى — ئاپتوردىن) يېزىش داۋامىدا ماتېرىيال ئاختۇرۇپ يۈرۈپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئەھمەد زىيائىي ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىكەن. ئەھمەد زىيائىي ھەققىدىكى تەتقىقات بىزدە تېخى باشلانغىنى يوق. كېيىنكى كىشىلىرىمىز ئۇنى خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرىلەرنى تەتقىق قىلغاندەك تەتقىق قىلغۇسى».

# 6. ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتى

ئەھمەد زىيائىي ئۇيغۇر ھازىرقى - بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۇقىرى ئابرويغا ۋە كۆرۈنەرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئىگە داڭلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، شۇنداقلا پىشقان تىل ئالىمى. ئۇنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتى 40- يىللاردىلا باشلانغان، ئاشۇ يىللاردا ئۇ «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» ماۋزۇسى ئاستىدا بىر قىسىم ئەدەبىي ماقالىلەرنى ۋە «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان. 50- يىللارنىڭ باشلىرىدا مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى بىباھا قامۇس — «تۈركى تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشتەك جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكنى ئورۇنلىغان. ئەمما، بۇ تەرجىمە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەلقىمىز بىلەن ئاشۇ يىللاردا يۈز كۆرۈشەلمىگەن. 50- يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ بۇ يەردە ئاساسەن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇ كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرىنى ئىشلەپ، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىنى نەشرگە تەييارلاپ كىتابخانلىرىمىزنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر

ئۇلگىلىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرغان. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ھەققىدە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلغان. مۇشۇ يىللاردا ئۇ يەنە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ، خەلقىمىزنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، مەشھۇر ۋەكىللىرى، داڭلىق ئەسەرلىرى، ئاساسلىق خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇماتلارغا ئىگە قىلغان.

ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتى 80-يىللاردا يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ئۈچۈن كەڭرى مۇمكىنچىلىكلەر، ياخشى شارائىتلار يارىتىلغان مۇشۇ يىللاردا ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيەتتىلا ئەمەس، ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىمۇ ناھايىتى چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇ مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى يەنە بىر بىباھا گۆھەر — «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشتەك ئۇلۇغ ئىشقا قاتنىشىپ، بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى ھەم باشقا ئالىملار بىلەن بىرلىكتە بۇ ئىشنى نەتىجىلىك تاماملىدى. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىنىلا ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەڭ چوڭ تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىش مۇمكىن. يەنە بىر قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئەھمەد زىيائىي يالغۇز «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەش بىلەنلا بولدى قىلماي، بۇ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، «تارىخىي مىراس — ‹قۇتادغۇ بىلىك› توغرىسىدا»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك ماقالىلەرنى يازدى. ئۇ يەنە «‹قۇتادغۇ بىلىك›

ئىنجۇمەلىرى» ، «‹قۇتادغۇ بىلىك› ئىندىكىسى» قاتارلىق «قۇتادغۇ بىلىك» كە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئەسەرلىرى، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىپ، ئېلىمىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى بەزىبىر زۆرۈر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ بۇلاردىن باشقا يەنە «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» ، «تارىخي رەشىدى» ، «رەۋزەتۇسسەفا» قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ تۈرك، پارس تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىپ چىقتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدىكى چوڭقۇر تەتقىقاتى ۋە مول تىل بىلىمى ئاساسىدا «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىل تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى» قاتارلىق ماقالىلەرنى يازدى. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قورغۇچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇت» ناملىق ئەسەرنىمۇ ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا ئالىمنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى قاتارىدا تىلغا ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر ئالىمنىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك » ، «تۈركى تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى ئۇزاق مەزگىللىك ئىلمىي ئىزدىنىشى ۋە ئۇنى بەدىئىي ئىپادىلىشىنىڭ مەھسۇلى.

ئەھمەد زىيائىي «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدىكى نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن 40- يىللاردىلا تونۇشقان، كېيىن بۇ ئەسەرنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا بۇ ئەسەر ھەققىدە ناھايىتى كەڭ، ناھايىتى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. ئاشۇ چۈشەنچىلىرى ۋە تەتقىقاتى ئارقىلىق بىزدىكى «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلىقىغا زور تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىدا «تارىخىي مىراس — ‹قۇتادغۇ بىلىك› توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، يۇقىرى ئىلمىي

قىممەتكە ۋە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە.

«تارىخىي مىراس — ‹قۇتادغۇ بىلىك›، توغرىسىدا» ناملىق بۇ ماقالە ئالىم «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ھەققىدە شۇ چاغقىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چوڭ ھەجىملىك ماقالە بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى ناھايىتى مول. مەلۇم جەھەتتىن بۇ ماقالىنى «قۇتادغۇ بىلىك» خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئالىم بۇ ماقالىسىدە، مەملىكىتىمىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكى، ئەسەر مۇئەللىپى ئىسمى، تۇغۇلغان يېرى، يېشى، ۋاپاتى، ئەسەرنىڭ نامى، نۇرى، ۋەزنى، تىلى، ھەجمى، ئەسەرنىڭ ئۇزۇن مەزگىل يوقىلىپ كېتىپ قايتا ئاشكارىلىنىش جەريانى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھالار، ئەسەرنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى، بۇ ئەسەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دۆلەتلەر، بۇ ھەقتە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ئالىملار؛ بۇ ئەسەر يېزىلغان تارىخىي دەۋر، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى سېستىمىسى، تەپەككۇر چوڭقۇرلىقى، ئەسەردىكى ئىددىيە ـ مەزمۇن تەركىبلىرى، ئەسەرنىڭ خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكى، مۇئەللىپنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شېئىرى قىممىتى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭغا قوشقان تۆھپىسى. . . قاتارلىق مەزمۇنلار ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. قىسقىسى، بۇ ماقالىدە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا دائىر مەزمۇنلارنىڭ تىلغا ئېلىنماي قالغانلىرى يوق دېيەرلىك. ئالىم بۇ ماقالىسىدە كۆپ تەرەپلىمە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ئارقىلىق، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قىممىتى، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ مۇھىملىقىنى مۇنداق ئوبرازلاشتۇرۇپ يازغان: «. . . ئۈنچە ـ مارجان دۆۋىلىرى بىلەن

تولغان بىر خەزىنە تاماشىچىسى بىر - بىرىدىن گۈزەل، بىر - بىرىدىن جۇلالىق، قىممەت باھا گۆھەرلەر ئارىسىدا قانداق ھەيرەتتە قالىدىغان بولسا، «قۇتادغۇ بىلىك» خەزىنىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەنلەرمۇ شۇنداق ھەيرەتتە قالىدۇ. ئالىمسا كۆڭلى ئۇنمايدىغان، ئالسا ئېلىپ تۈگىتەلمەيدىغان بىر ئەھۋالغا ئۇچرايدۇ»

ئەھمەد زىيائىي تەتقىقاتتا ناھايىتى ئەستايىدىل. ئۇنىڭ ھەر بىر تەتقىقات نەتىجىسى، كۆز قارىشى ۋە خۇلاسىسى مەلۇم ئەمەلىيەتنى، پاكىتنى ئاساس قىلغاچقا، تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ ئىلمىيلىكى كۈچلۈك. ئەمما، ئۇنىڭ تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ مۇنداق بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىمۇ بار: ئالىم ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى يوشۇرماي، ئۇنى ماقالىلىرىدە بىۋاستە ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ماقالىلىرى يەنە كۈچلۈك لىرىك تەركىبلەرگىمۇ ئىگە. مىسال ئۈچۈن يۇقىرىقى ماقالىدىن پارچە كۆرۈپ باقايلى: «مىڭ يىل ئۆتۈپتۇ، بۇ گۈل قەشقەردە تېرىلىپ ئېچىلغىلى، بۇ بىباھا گۆھەرلەر قەشقەردە نەزىم يىپىغا تىزىلغىلى ... جاھالەت تۇمانلىرى ئۇنى بىزگە كۆرسەتمەپتۇ. ئۆتمۈش زامانىنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرلىرى ئۇنىڭ خەۋرىنى بىزگە يەتكۈزمەپتۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۈمەن رەڭلىك گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولغان گۈللىكىنىڭ تاماشاسى بىزگە مۇيەسسەر بولماپتۇ. ئۇنىڭ يۇرەكلەرنى ئۆزگە ئاشىق قىلىدىغان خۇش ئاھاڭ ئەدەبىي ناۋاسى بىزگە ئاڭلانماپتۇ. يوقسۇللۇق ھېس قىپتىمىز شۇنچە زور بايلىقىمىز تۇرۇپ، مۇشۇنداق تاتلىق بۇلىقىمىز تۇرۇپ كېتىپتۇ لەۋلىرىمىز ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ ...»

قىسقىسى، ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا مەركەزلەشكەن. ئالىمنىڭ بۇ تەتقىقاتتىكى نەتىجىلىرىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك.

# ئىككىنچى قىسىم

# «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ھەققىدە تەتقىقات

# 1. مۇقەددىمە

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، جۇملىدىن مۇھىم ئەسەرلىرى ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كەلسە، ئەھمەد زىيائىي يازغان «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى تىلغا ئالماي ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ داستان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى رابىيە - سەئىدىن تېمىسىنى يېڭى دەۋر تېمىسىغا ئايلاندۇرغانلىقى، كلاسسىك داستانچىلىقىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتىمىزنى ماھىيەتلىك ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە قىلغانلىقى، ئەسلىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئاشىق - مەشۇقلار قىسسىسىنى ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن يېڭىلاپ، بۇ ھەقتىكى ۋەقەلىكنى بېيىتقانلىقى ھەم ئەسەرنى كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە تەركىبلەر بىلەن موللاشتۇرغانلىقى، ئەسەردىكى مەركىزى ئىدىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆزگىچە ئۇسلۇپ - ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇرگەنلىكى، ئەسەردىن مەدەنىيەتكە، تارىخقا، فولكلورغا، ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئۇچۇر - مەلۇماتلارغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسەرنىڭ پەلسەپۋىلىكى، ئەخلاقى ئىدىيىسى ۋە دىداكتىك غايىسىنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرمۇنچە مەزمۇن تەركىبلىرى بىلەن يالغۇز ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئەھمەد زىيائىي بۇ داستاننى يېزىشنى ئەدەبىي ھاياتىدىكى ناھايىتى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. دېمىسىمۇ، ئەھمەد زىيائىي گەرچە 40- يىللاردىلا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن بولسىمۇ، ئاساسەن قىسقا شېئىرلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان، چوڭ ھەجىملىك، يىرىك شېئىرى ئەسەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغان. «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى يېزىش شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۇنجى سىنىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئەسەر شائىرنىڭ قېرىمايدىغان قايناق ھېسسىياتى، تاكامۇللاشقان تالانتى، ئۆزگىچە ئىجادىيەت دىتى، مول بىلىمى ۋە ئالاھىدە ئىجادىيەت ماھارىتى نەتىجىسىدە دەۋرىمىزدىكى كۆپ تەرەپلىمە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە، ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ چىقالىدى. شائىر ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن مۇشۇ ئەسەر ئارقىلىق خاتىرە قالدۇرۇشنى ئىجادىيەتتىكى ئاساسلىق مۇددىئالىرىدىن بىرى قىلغاچقا، داستاننى نوقۇل مۇھەببەت قىسسىسى بىلەنلا چەكلەپ قويماي، ئۇنى مەزمۇن جەھەتتىن بېيىتقان، شۇنداقلا داستاندا ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىگە، ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە كۆز قاراش - ئىدىيىلىرىگە دائىر ئاز بولمىغان قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. يۇقىرىقى ئاشۇ بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق مەزكۇر داستانى يۇقىرى ئەدەبىي قىممەتكە ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. ئۇنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئەتراپلىق تەھلىل - تەتقىق قىلىش، شۇ ئاساستا ئۇنىڭ ئەدەبىيات گەۋدىسىدىكى ئەھمىيىتىنى، ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش - نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىدە رابىيە - سەئىدىن تېمىسى

مۇبادا بىز ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بىر قىسىم داڭلىق شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى بەكرەك قىزىقىدىغان، كۆپرەك يازغۇسى كېلىدىغان، ھەقىقەتەن كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەن تېمىلىرى بارلىقىنى ھېس قىلماي قالمايمىز. مىسال ئالىدىغان بولساق، ئۆتكۈر ئەپەندى قەشقەرگە نىسبەتەن ناھايىتى چوڭقۇر ھېسسىياتى بارلىقىنى كۆپ قېتىم ئېيتقان ھەم قەشقەر ھەققىدە شۇنچىلىك ئېسىل لىرىكىلارنى يازغان؛ مەمتىمىن ھوشۇر بولسا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىزىقچى، خۇشچاقچاق خاراكتېرىنى يېزىشقا ئىنچىل ئەھمىيەت بىلەن قارىغان؛ ھاجى ئەھمەد كولتىگىن بولسا بىرمۇنچە ئەسەرلىرىدە خەلقىمىزنىڭ قەيسەر، سۆيۈملۈك قىزى نۇزۇگۇم ھەققىدە قەسىدىلەرنى يازغان. ئەمدى، ئەھمەد زىيائىيغا كەلسەك، ئۇ تارىختا ئۆتكەن رابىيە - سەئىدىن ھەققىدىكى ۋەقەلىككە، ئەدەبىياتىمىزدىكى رابىيە - سەئىدىن تېمىسىغا ئالاھىدە قىزىقىپ، ئۇنى پۈتۈن ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تېما قىلغان. ئۇ بۇ تېمىدا دەسلەپ ئوپېرا، كېيىن رومان، ئاخىرىدا داستان يېزىپ ۋە داستانىدا ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى تالانتىنى، ئىقتىدارىنى مۇشۇ تېمىدا

نامايان قىلغان. بۇ ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىدىكى ناھايىتى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئەھمەد زىيائىي نېمىشقا رابىيە - سەئىدىن ھەققىدىكى بۇ ۋەقەلىككە، بۇ تېمىغا شۇنچىلىك قىزىقىپ، بۇ ھەقتە يېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ؟ بۇ مەسىلە ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىش، «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى چۈشىنىشتە ھەقىقەتەن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەلۋەتتە، ئەھمەد زىيائىينىڭ بۇ تېمىغا قىزىقىشى ھەرگىز تاسادىپى ئەمەس. ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۆز ئەسلىمىسىدىن ۋە شۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇمكى، ئەھمەد زىيائىي بالىلىق، ياشلىق مەزگىللىرىدىلا دادىسىنىڭ نەچچە مىڭ پارچە كىتاب ساقلىنىدىغان قىرائەتخانىسىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەر قاتارىدا يەنە ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان «رابىيە - سەئىدىن» داستانى بىلەنمۇ تونۇشقان. رېئاللىقتا ھەقىقەتەن بولۇپ ئۆتكەن مۇھەببەت پاجىئەسى ئاساسىدا يېزىلغان، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى يىرىك رېئالىزملىق داستان ھېسابلىنىدىغان، ئابدۇرېھىم نىزارى بەدىئىي ئىستىداتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئەسەر ئاشۇ يىللاردىلا ئەھمەد زىيائىيغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن ھەم ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە بۇ ئاشىق - مەشۇقلارغا تېخىمۇ مۇكەممەلرەك بىر بەدىئىي ئابىدە تىكلەش ئىستىكىنى ئويغاتقان. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر بۇ ھەقتە ئۇزۇن مەزگىللىك ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرى، قاراشلىرى، ئىزدىنىشلىرى، تولۇقلاش - يېڭىلاشلىرى ئاساسىدا بۇ تېمىغا ياندىشىپ، 40- يىللاردا «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسىنى يېزىپ، شۇ يىللاردىكى سەھنىلىرىمىزنى جانلاندۇرغان. 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا «رابىيە- سەئىدىن»

داستاننى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان. بۇ ئىككى پارچە ئەسەر ئۆزىنىڭ يۇقىرى قىممىتى بىلەن رابىيە - سەئىدىن ھەققىدىكى بۇ ۋەقەلىكنى، تېمىنى ئەدەبىياتىمىزدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە قىلدى ھەم تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشتۇردى.

ئەھمەد زىيائىينىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بولسۇن ياكى دراما ئىجادىيىتى بولسۇن ئۇلار رابىيە - سەئىدىن تېمىسى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. ئەھمەد زىيائىي بۇ تېمىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىق ھالدا ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى قىلىپ تاللىۋالغان. ئۇ ئۆزى ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «. . . بىز شېڭ شىسەينىڭ شەخسى ئىمزالىق تەكلىپى بىلەن قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ، 1943- يىل 4- ئاينىڭ 10- كۈنى سەندۇڭخېيغا يېتىپ كەلدۇق. . . مەن ‹شىنجاڭ گېزىتى› نىڭ 2- بېتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەندىم. . . كېيىنچە ‹ئۆزۈم بىلەن پىكىرداش› دەپ قارىغان ۋە ماڭا ئوخشاش گېزىتكە ئىنقىلابى ماقالىلەرنى يازغان كىشىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن تۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭمۇ پات يېقىندا تۈرمىگە تاشلىنىدىغانلىقىمنى يۈرىكىم سېزىپلا تۇراتتى. شۇڭا، ئالمادىس قاماققا ئېلىنىسام مېنىڭدىن بىرەر ئىز قالسۇن، دېگەن ئوي بىلەن 1943-يىل 4-ئايدا ‹رابىيە- سەئىدىن› ئوپېراسىنى يېزىشقا كىرىشتىم. كېچىلەردە ياتاقتىكى ئۇستەلنىڭ بىر تەرىپىدە لۈتپۇللا مۇتەللىپ شېئىر - داستانلارنى يازاتتى، مەن بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ‹رابىيە - سەئىدىن› نى يازاتتىم. . . »

ئەھمەد زىيائىينىڭ بۇ ئەسلىمىسى يالغۇز ئۇنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسىنى قەيەردە، قانداق شارائىتتا يازغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ تېمىنىڭ ئەھمەد زىيائىي

نەزەرىدە قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، شائىر باشقا ۋەقەلىكتىكى، باشقا تېمىدىكى ئەسەر بىلەن ئەمەس، بەلكى رابىيە ـ سەئىدىن تېمىسىدىكى ئەسەر بىلەن هاياتىدىن ئىز، ئۆمرىدىن مەنا قالدۇرماقچى بولغان.

ئەمدى «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ يېزىلىشىغا كەلسەك، شائىر بۇ داستانىنىمۇ هاياتىدىن ئىز قالدۇرۇش مەقسىتىدە يازغان. بۇ ھەقتە شائىر داستاندا ئېنىق قىلىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

يېشىڭ بۇ كۈن سېنىڭ يەتمىش بولۇپتۇر،
ئىپار بېشىڭغا يىللار سۇرتۇپتۇ كافۇر.
چېچەكلىك شاخقا ئوخشاش بېشىڭ ئاپئاق،
ئۆتۈپ كەتكەن هاياتىڭغا قاراپ باق.
هاياتتىن يادىكار قويدۇڭمۇ ئاخىر،
قويارسەن نېمە مىراس؟ ئېيتقىنا بىر!.
ھېلىمۇ ۋاقىت بار ئالغىل قەلەمنى،
ئۆزۈڭدىن يادىكار قوي شۇ رەقەمنى.
يېزىشنىڭ ئىشتىياقى دىلغا چۈشتى. .
يېزىشقا باشلىدىم بۇ داستاننى،
قىلاي دەپ يادىكار بىر ئارمىغاننى.
ئۈمىدىم شۇكى، مەن بولغاندا تۇپراق،
يۈزۈم بولغاي ئېلىمنىڭ ئالدىدا ئاق.
مېنى ياد ئەيلىگەيلەر دەپ دۇئادا،
جاپا چەكمەكتىمەن شۇ مۇددىئادا. . .

بۇ مىسرالارنىڭ ئۆزى سۆزلەپ تۇرغىنىدەك، ئەھمەد زىيائىي ئۆز هاياتىدىن رابىيە ـ سەئىدىن ھەققىدە يېزىلغان ئەسەر ئارقىلىق

ئىز قالدۇرسا بۇنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى كۆپ تىلغا ئالغان. قىسقىسى، ئەھمەد زىيائىيدا رابىيە ـ سەئىدىن ھەققىدە ئەسەر يېزىشقا نىسبەتەن باشقىچىلا كۈچلۈك بىر ھېسسىيات بار ئىدى.

مۇبادا بىز ئەھمەد زىيائىينىڭ رابىيە ـ سەئىدىن ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇيدىغان بولساق، شائىرنىڭ بۇ تېمىغا نېمە ئۈچۈن شۇنچىلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، قىزىققانلىقى ھەققىدە بەزىبىر مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز. بۇلارنى ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئەھمەد زىيائىي «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ تۈنجى ماۋزۇسىدىلا بۇ ھەقتىكى ھېكايىنىڭ ۋە بۇ تېمىنىڭ قىممىتى ھەققىدە توختىلىپ:

مانا، پەرھاد ـ شىرىن، لەيلى ـ مەجنۇن،
ئۇڭا بەرگەچ ئەدىبلەر يېڭى مەزمۇن.
ئۆتۈلگەن بولسىمۇ نۇرغۇن زامانلار،
ئۇنتۇماپتۇ بۇلارنى قىسسەخانلار.
قېنى، چىقمامدۇ، يوقمۇ بىر جاپاكەش؟!
دىلى غەمدىن ئېزىلگەن بىر قەلەمكەش؟!
چېكىپ مېھنەت پىكىر كاننى قازسا..
بۇ ئىشىق قۇربانلىرى ھالىنى يازسا..
يۈرەك قېنىنى سەرپ ئەتسە ئۇنىڭغا،
زايە كەتمەيدىكەن ھەرگىز بۇنىڭغا..
شۇڭلىكىم ھادىسەكەن بەكمۇ دەھشەت،
ئۆزى راست بولۇپ ئۆتكەن ھەقىقەت.
ئەگەر سەنئەت تونى كەيدۈرۈلسە،
بەدىئىي سۆز گۈلى بىرلە بىزەلسە.

جاھان ئاشىقلىرىدىن كەم ئەمەسكەن،
قەلەم بەل باغلىسا بۇ ئىشقا بەسكەن. . .

دەپ يېزىپ، رابىيە ـ سەئىدىنلەرنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، پاجىئەسىنىڭ پەرھاد ـ شىرىن، لەيلى ـ مەجنۇنلار ھەققىدىكى مۇھەببەت ھېكايىلىرىدىن قىلىشمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان، ھەمدە يەنە بۇ ئاشىق-مەشۇقلار ھەققىدە چوقۇم داستان ـ قىسسە يېزىش كېرەك دەپ قارىغان. دېگەندەك، بۇ ھەقتە ئەڭ ياخشى مۇھەببەت داستانىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. نىزارىغا ئەڭ ئۇنۇملۇك ياندىشىپ، رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت يولىدىكى ساداقەتمەنلىكى، ۋاپادارلىقى، قەيسەرلىكىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

2. ئەھمەد زىيائىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن رابىيە ـ سەئىدىندەك بىر جۇپ ۋاپادار، قەيسەر ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ چىققانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ھاياجانلانغان، پەخىرلىنىش ھېس قىلغان. ئەھمەد زىيائىي مەيلى ئوپېراسىدا بولسۇن، مەيلى داستانىدا بولسۇن كۆپ قېتىم مەخسۇس سەھىپىلەرنى ئېچىپ، پەرھاد ـ شىرىن، لەيلى ـ مەجنۇن قاتارلىق تىپىك ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەقىقى بولغان ئاشىق ـ مەشۇقلار ئەمەس، بەلكى خىيالىي پېرسوناژلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، ۋاپادارلىق روھى كېيىنكى مەزگىللەردىكى شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى توقۇلمىلىرىنىڭ، بۇ ھەقتىكى ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، رابىيە ـ سەئىدىن بولسا رېئاللىقتا راست ياشاپ ئۆتكەن ھەقىقى ئاشىق ـ مەشۇقلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئاشۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن يازغان. بۇ ھەقتە ئەھمەد زىيائىي

«رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«مەن ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ئەرەبلەرنىڭ ‹ لەيلى ـ مەجنۇن› ى، ئەرمەنىستان ـ باغدادلىقلارنىڭ ‹ پەرھاد ـ شىرىن› ‹ غېرىب ـ سەنەم› لىرى بار ئىكەن، بىزدە بۇنداقلار يوقمۇ، دەپ ئويلار ئىدىم. بەختكە يارىشا، ماڭا بۇ مەخسەتكە ئېرىشىش مۇيەسسەر بولدى. مەن بۇنى تاپتىم. ئۇنى ئەرەبىستان چۆللىرىدىن، باغداد ۋادىلىرىدىن، ئەرمەنىستان تاغلىرىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قاينىمى بولغان قەشقەرنىڭ بايتوقاي يېزىسىنىڭ جىگدە ـ سۆگەتلىرى ئارىسىدىن، يامانيار ئۆستىڭىنىڭ بويىدىن تېپىۋالدىم. بۇ نەرسە سىلەر كۆرۈپ تۇرغان ‹ رابىيە ـ سەئىدىن› ئوپېراسىدۇر» . بۇ قۇرلار ئەلۋەتتە شائىرنىڭ بۇ تېمىغا نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك قىزىققانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇنداق ھېسسىيات يەنە «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، شائىر رابىيە بىلەن سەئىدىننى ئۇيغۇرلارنىڭ ”ئاشىق ـ مەشۇقلىرى، ئۇيغۇر باللىرى“ دەپ تەرىپلىگەن.

3 . ئەھمەد زىيائىي يەنە رابىيە ـ سەئىدىن تېمىسىدا ئەسەر يېزىپ بۇ ئارقىلىق مەلۇم ئىجتىمائىي قىممەت ۋە بەدىئىي قىممەت ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ تېمىنى تېخىمۇ مول مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، ئۇنى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە، يېڭىچە مەنىگە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭا، ئۇ رابىيە ـ سەئىدىن تېمىسىدا يېڭىچە ئىجادىي يول تۇتۇپ، ئۇنى ئاساسەن دېگۈدەك باشقىدىن يېزىپ چىققان. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ھەجىم جەھەتتىن تەخمىنەن مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان، مەزمۇن جەھەتتىن رابىيە ـ سەئىدىننىڭ

مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلغان ئەسەر ئىدى. ئەھمەد زىيائىي يازغان «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى بولسا ھەجىم جەھەتتىن تەخمىنەن 10 مىڭ مىسرادىن تۈزۈلگەن، مەزمۇن جەھەتتىن مۇھەببەت ھېكايىسىدىن باشقا يەنە تارىخ، فولكلور، ئەدەبىيات ساھەسى، ئەخلاقىي قاراشلار، پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر. . . گە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، شەكىل جەھەتتىنمۇ ئاز بولمىغان يېڭىلىقلار يارىتىلغان، كۆپ تەرەپلىمە ئەھمىيەتلىك بىر داستان بولۇپ پۈتكەن. شائىر ئۆزىمۇ بۇ داستانىنىڭ نوقۇل مۇھەببەت ھەققىدىكى داستان ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

كېيىن شۇندىن يېزىلدى، مۇشۇ قىسسە،
ئەمەس قىسسەلا يالغۇز، بەلكى ھېسسە.
. . .
شۇڭا، بۇ داستاننى ئوقۇغاندا،
گۈلىستاننى كېزىپ گۈل تاللىغاندا.
بولۇپ قالمايلا ئىشىق ئەسرارىغا بەند،
ئېلىش لازىم ئۇنىڭدىن بىر قانچە پەند.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «رابىيە ـ سەئىدىن» تېمىسى ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىدىكى ناھايىتى مۇھىم شۇنداقلا ئاساسلىق تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد زىيائىي بۇ تېمىدا يازغان داستانى ۋە ئوپېراسى ئارقىلىق بۇ تېمىغا يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ، ئۇنى ئەدەبىياتىمىزدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە قىلدى، ھەمدە ئۇنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا خاس تېما بولۇشتىن ھالقىپ، ھازىرقى ـ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭمۇ ئاساسلىق تېمىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇردى. شۇڭا، ھازىرقى ـ بۈگۈنكى

زامان ئەدەبىياتىمىزدا ئەھمەد زىيائىينىڭ نامى رابىيە - سەئىدىن
تېمىسى بىلەن، بۇ تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن زىچ باغلىنىپ
كەتكەن. بۇ ئەھمەد زىيائىينىڭ، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ
مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

# 3. ئەھمەد زىيائىي ۋە ئابدۇرېھىم نىزارى

رابىيە - سەئىدىن تېمىسى ۋە ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ئەھمەد زىيائىينى ئابدۇرېھىم نىزارىغا باغلاپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككى شائىر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت - ئالاقە ھەقىقەتەن ناھايىتى كۈچلۈك.

ئەدەبىيات تارىخىدىن بىزگە شۇ نەرسە ئېنىقكى، رابىيە - سەئىدىن ھەققىدىكى ۋەقەلىك ئاساسىدا ئەسەر يېزىپ، ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئەدىب بار. ئۇنىڭ بىرى ئابدۇرېھىم نىزارى، يەنە بىرى بولسا ئەھمەد زىيائىيدۇر. ئەھمەد زىيائىي ئۆزىنىڭ بۇ مەشھۇر ئەسىرىنى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان، ئەھمەد زىيائىينىڭ نۇرغۇن ئىجادىي، ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى ئوبيېكت قىلغان.

ئەدىبلەرنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ياشاپ ئەدەبىيات ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان داڭلىق ئەدىبلەردىن ئۆگىنىشى، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇشى، ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىلھام - تەسىر قوبۇل قىلىشى — ئەدەبىيات تارىخىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق تەسىر مۇناسىۋەتلەر تەبىئىي رەۋىشتە شۇ ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىدە، ئەسەرلىرىدە مەلۇم ئورتاقلىق شەكىللەندۇرمەي قالمايدۇ. ئەھمەد

زىيائىي بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، جۈملىدىن ئەھمەد زىيائىينىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى ئىجادىيىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشىمۇ مۇشۇ خىل ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ گەۋدىلىك بىر مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئەھمەد زىيائىينىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن رابىيە - سەئىدىن تېمىسىدا مەلۇم ئىجادىيەت ئورتاقلىقى شەكىللەندۈرۈشىمۇ ھەرگىز تاسادىپى ئەمەس. ئەھمەد زىيائىي ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى بىلەن ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىدىلا تونۇشقان. بۇ تونۇشۇشنىڭ ئادەتتىكى تونۇشۇش ئەمەسلىكى ئەھمەد زىيائىينىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىجادىيىتىدىن مەلۇم بولدى. ئەھمەد زىيائىي ئاشۇ مەزگىللەردىلا رابىيە - سەئىدىن ھەققىدىكى مۇھەببەت ۋەقەلىكىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئەدەبىي قىممەتكە ۋە ۋارىسلىق قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، بۇ ھەقتە ئۆزىمۇ بىر ئەسەر يېزىپ، ئابدۇرېھىم نىزارى ئىزىدىن ماڭماقچى ۋە ئۇنىڭغا يانداشماقچى بولغان. «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ئەھمەد زىيائىينىڭ ئاشۇ خىل ئىجادىيەت ئىستىكىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

ئەھمەد زىيائىينىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يالغۇز «رابىيە - سەئىدىن» تېمىسىدا ئەسەر يازغانلىقى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەھمەد زىيائىي ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ھەققىدە تۇنجى قېتىم مەلۇمات بەرگەن كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1947- يىلى نەشر قىلىنغان «توزىماس چېچەكلەر» ناملىق ئەسەرلەر توپلىمى نەشر قىلىنغاندا، شۇ توپلامدىكى «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسى ئۈچۈن مۇقەددىمە يېزىپ، ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن ئۇنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى تونۇشتۇرغان. ئەدەبىياتشۇناسلىق

نۇقتىسىدىن چىقىپ قارىغاندا، ئەھمەد زىيائىي بەرگەن بۇ مەلۇماتنىڭ تارىخىي قىممىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىدا گەپ يوق. ئۇزۇن مەزگىل ئابدۇرېھىم نىزارى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى دىلبەر روزىيوۋا «ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە بۇ مەلۇماتنىڭ قىممىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «ئابدۇرېھىم نىزارى ھەققىدىكى دەسلەپكى مەلۇماتنى ئۇيغۇرشۇناس ئالىم، شائىر ئەھمەد زىيائىي مىلادىيە 1947- يىلى بېسىلغان ‹تۇزىماس چېچەكلەر› ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلدى. ئاپتور بۇ كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ ‹رابىيە - سەئىدىن› ئوپېراسىنى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ شۇ ناملىق داستانى ئاساسىدا يازغانلىقىنى ئېيتقان ۋە نىزارىنىڭ نەۋائىي خەمسەسىدەك خەمسە ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.» دېمەك، ئەھمەد زىيائىي ئاشۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تونۇشۇشىدا ھەقىقەتەن مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەگەر بىز ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە «رابىيە - سەئىدىن» داستانىغا ئىنچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئەھمەد زىيائىينىڭ ئابدۇرېھىم نىزارىنى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى دەۋرىمىز كىشىلىرىگە تونۇشتۇرۇشتا ئىشلىگەن مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ يەنە بىرى — ئەھمەد زىيائىينىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى نەشرگە تەييارلىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد زىيائىي 50- يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى

بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە، شۇ تەتقىقاتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن 1957- يىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى نەشرگە تەييارلاپ، «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. ئەھمەد زىيائىينىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگىكى تېخى ئەمدىلا باشلانغان كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدىكى ناھايىتى چوڭ بىر نەتىجە ھېسابلانغان. ئەھمەد زىيائىي نەشرگە تەييارلىغان بۇ نۇسخا «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ نىسبەتەن تولۇق، مۇكەممەل نۇسخىسى بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەھمەد زىيائى بۇ داستانغا قوشۇمچە قىلىپ يەنە ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىقراق، تېخىمۇ تولۇقراق بولغان مەلۇماتلارنى بەرگەن. داستانىنىڭ بۇ نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىنغان مەلۇماتلار كېيىنكى مەزگىللەردە ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ھەققىدىكى تەتقىقات، ئىزدىنىشلەردە مۇھىم ماتېرىياللىق رول ئوينىغان. ئەھمەد زىيائىي نەشرگە تەييارلىغان بۇ نۇسخىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەھمىيىتى شۇ بولدىكى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى كېيىنكى مەزگىللەردە «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ كىمگە مەنسۇپلىقى ۋە مەزكۇر داستانىنىڭ نىسبەتەن تولۇق، ئىشەنچلىك نۇسخىسىنى ئەھمەد زىيائىينىڭ مۇشۇ ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ ياردىمىدە بېكىتكەن. 1985- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «نىزارى داستانلىرى» نى نەشرگە تەييارلىغان تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئىسرايىل يۈسۈپ، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن قاتارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ مەزكۇر كىتاب ئۈچۈن يازغان كىرىش سۆزىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن بىز بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز:

« . . . ‹نىزارى داستانلىرى› غا كىرگۈزۈلگەن «مۇقەددىمە» ، ‹پەرھاد - شىرىن› ، ‹لەيلى - مەجنۇن› ، ‹مەھزۇن - گۈلنىسا› داستانلىرىنىڭ نىزارىغا مەنسۇپ

ئىكەنلىكىنى بىز ئاساس قىلغان قولىيازما نۇسخىسىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، ‹رابىيە - سەئىدىن› داستانىنىڭ ئاپتورى كىم ئىكەنلىكى مۇشۇ قولىيازما نۇسخىسىدىمۇ، 1940- يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىمۇ كۆرسىتىلمىگەن. لېكىن، كىچىكىدىن تارتىپ نىزارى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا دائىر بىرقانچە قولىيازمىلارنى كۆرگەن پېشقەدەم شائىر ئەھمەد زىيائىينىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1957- يىلى ‹تارىم› ژورنىلىنىڭ 6- سانىدا ئېلان قىلىنغان ‹رابىيە - سەئىدىن› داستانىنىڭ ئەسلى قولىيازما نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىدا نىزارىنىڭ نامى يېزىلغان، بۇنىڭدىن باشقا قەشقەر شەھىرىدىكى نۇرغۇن پېشقەدەم زاتلارمۇ ‹رابىيە - سەئىدىن› داستانىنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەلمەكتە. مۇشۇنداق گۇۋاھلىقلارغا ئاساسەن بىز ‹رابىيە- سەئىدىن› داستانىنى ‹نىزارى داستانلىرى› ئىچىگە كىرگۈزدۇق»

دەرۋەقە، «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ ئەھمەد زىيائىي تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان نۇسخىسىدا ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئىسمى مۇنداق كەلگەن:

. . .

كەل ئەي ساقى تۇردۇم يولۇڭغە قاراپ،
بىر ۇر جۇرئە مەي دەپ، قىلىپ ئىزتىراپ.
نىزارى بولۇپتۇر بەسى خۇد پەسەند،
ھاۋا قەيدى بولمىش يولىغە كەمەند.
ئەگەر نەچچە تۇتساڭ تامىزماي ئىچەي،
ۋەفاسىز جەھانىنىڭ بارىدىن كېچەي.

بۈگۈنكى كۈندە «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ نىسبەتەن تولۇق، مۇكەممەل نۇسخىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىمۇ ئەھمەد

زىيائىي 1957- يىلى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان ئاشۇ نۇسخا مۇھىم رول ئوينىغان. «نىزارى داستانلىرى» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار ئاساس قىلغان نۇسخا «ئەگەر سائەت ئولساڭ قاشىمدىن يىراغ، مەگەر قالغۇسىدۇر كۆڭۈل ئىچرە داغ» دېگەن مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ ھەقتە «نىزارى داستانلىرى» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: «62- نومۇرلۇق نۇسخىدا داستان مۇشۇ يەرگىچىلىك كۆچۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ئۇلىشىپ كېلىدىغان مىسرالار ئەھمەد زىيائىي نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان ‹رابىيە ـ سەئىدىن› داستانىغا ئاساسەن قوشۇمچە قىلىندى» دېگەن ئىزاھات بىلەن بۇ داستاننى تولۇقلاپ ئېلان قىلغان. دېمەك، «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتا ھەم داستاننىڭ نىسبەتەن مۇكەممەل نۇسخىسىنى تۇرغۇزۇشتا ئەھمەد زىيائىينىڭ تۆھپىسى ھەقىقەتەن چوڭ بولغان. مانا بۇلار ئەھمەد زىيائىي بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىم، شۇنداقلا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەھمەد زىيائىي بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي مۇناسىۋەت يەنە ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدىمۇ ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەھمەد زىيائىي 80- يىللارغا كەلگەندە ئاخىرقى ئۆمرىنى ياشاۋاتقىنىغا قارىماي كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارەت ھەم پاساھەت بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ رابىيە ـ سەئىدىن ھەققىدىكى داستاننى يېزىشقا كىرىشىپ، 1984- يىلىغا كەلگەندە ئۇنى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق يېزىپ تاماملاپ جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئۇ رابىيە — سەئىدىن ھەققىدىكى كلاسسىك تېمىنى بۈگۈنكى زامان تېمىسىغا ئايلاندۇرغان ھەم ئابدۇرېھىم نىزارى ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ،

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا رابىيە ـ سەئىدىن ھەققىدىكى يەنە بىر يىرىك ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. بۇمۇ ئەھمەد زىيائىي بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي مۇناسىۋەتنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئەھمەد زىيائىي ئۆز داستانىدا، ئۆزىنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارىغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى، ئۆزى يازغان بۇ داستاننىڭ ئەمەلىيەتتە ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان شۇ ماۋزۇدىكى داستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. ئۇ ئابدۇرېھىم نىزارىنى ھەر قېتىم تىلغا ئالغان ۋاقتىدا ئۇنى ھامان: «قوشۇلدى ئۇلارغا شائىر نىزارى، بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى.»، «نىزارى كىم ئېتى ئابدۇرېھىمدۇر، ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىباھادۇر.» دېگەندەك مىسرالار بىلەن كۆپ سۈپەتلىگەن. ئەھمەد زىيائىي «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى يېزىش ئۈچۈن خىيالى دۇنياسىدا، بۇ تېمىدا تۇنجى قېتىم ئەسەر يازغان ئابدۇرېھىم نىزارىدىن ماقۇللۇق ئېلىپ، ئۇنىڭ مەدىتىگە، ياردىمىگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بۇنى داستاندىكى شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن مۇنۇ مىسرالاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

دېدى تۇيغۇ: نىچۈكمەن ئۆزىڭاي قول،
يېزىلغان تۇرسا شۇنداق بىر قېتىم ئول.
بۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىرى قەلەمنى،
ئېلىپ سىزغان ئىكەنلا بۇ رەقەمنى.
قاچان ئەل مۇشۇ خىزمەتنى ئۇنۇتقاي،
بۇ ئىشنى مەڭگۇ تارىخ ئەستە تۇتقاي.
بۇ بىر قىممەت باھالىق ئۈنچە ـ مارجان،
مۇشۇنداق تۇرسا نەزم يىپىغا تىزىلغان.

ئىكەن ئۆزلىرىگە بۇ قىسسە مەنسۇپ،
بولۇرمۇ ئۇنى قايتا يازماقلىق خوپ؟
نىزارى بىر قاراپ قىلدى تەبەسسۇم،
دېدى: ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئىش ئى ئوغلۇم.
ئەگەر بۇ قىسسەنى يازماقچى بولساڭ،
ئۇنىڭغا يېڭى تون پىچماقچى بولساڭ،
يولۇڭدىن قايتما! يازغىن، بىز ساڭا يار،
ساڭا ئىلھام بېرىشكە بىز مەددەتكار.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەھمەد زىيائىي بۇ داستاننى يېزىشتا ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنى ئۆزىنىڭ مەددەتكار ئۇستازى، ئىلھامچىسى دەپ قارىغان ھەمدە ئابدۇرېھىم نىزارى باشلاپ بەرگەن ئاشۇنداق بىر يول بولغاچقىلا، بۇ داستاننى مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقالىغانلىقىنى كۆپ يەردە تىلغا ئالغان.

ئەھمەد زىيائىينىڭ مەزكۇر «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ كىتابخانلاردا ئۆزگىچە تەسىرات پەيدا قىلىدىغان ھەم ئۇلارنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى — ئابدۇرېھىم نىزارى بۇ داستاندا ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ بۇنداق ئەسەر پېرسوناژى قىلىپ تەسۋىرلىنىشى يالغۇز ئەھمەد زىيائىي بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەدەبىي مۇناسىۋىتىنى باشقا بىر تەرەپتىن گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتىنى، تارىخىي چىنلىق تۈيغۇسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئەھمەد زىيائىي ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئوبرازىنى ئەسەردە يارىتىش ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن زوھورىدىن ھېكىم

بەگ قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىكى قەشقەرنىڭ ئەدەبىي ھاياتىنى جانلىق، كەڭ، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى بېيىتقان؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئابدۇرېھىم نىزارىنى مەزكۇر داستاندىكى باش قەھرىمانلار رابىيە بىلەن سەئىدىنلەرگە ئۇچراشتۇرۇپ، ئەسەر سۇژىتىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان ھەم تەسىرلەندۇرۇش كۈچىگە ئىگە قىلغان. بۇنى ئەھمەد زىيائىينىڭ رابىيە - سەئىدىن تېمىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە كۆرۈش مۇمكىن. ئەھمەد زىيائىي ئابدۇرېھىم نىزارىنى كاتتا شائىر سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا تەسىرى چوڭ ۋەزىر، ھەق - ئادالەتنى ياقلىغۇچى، ئاجىزلارغا ياردەم بەرگۈچى، ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچى سۈپىتىدىمۇ تەسۋىرلىگەن، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ رابىيەدىكى جەسۇرلۇقتا، ۋاپادارلىقتا، جۈرئەتكە قايىل بولۇپ، سەئىدىننى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تەپسىلاتنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە يېزىشقا شائىر ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ھاياجانلىق بىر تەپسىلاتقا ئايلاندۇرغان. ئەھمەد زىيائىي ئەسەردە ئابدۇرېھىم نىزارىنى «نىجاتلىق پەرىشتىسى» سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن ھەمدە ئۇنىڭ رابىيەگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ سەئىدىننى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلىتىدىن چەكسىز ھاياجانلانغانلىقىنى مۇنداق لېرىك مىسرالار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان:

كەل ئى ساقى ماڭا سۇن جامى ئۈمىد،
نىتاڭكىم بولمىغايلار، بولار نەۋمىد.
ئەمەستىم مەن، شارابىڭنىڭ خۇمارى،
ئېتىلگەچ ئەكس كۆز ئالدىمدا نىزارى.

ئۇنىڭ ئىنسانىي مەيدانىنى كۆرگەچ،
بۇيۇك شەپقەتلى مەيدانىنى بىلگەچ،
كۆتۈرمەكچى ئۇنىڭ شەنىگە بىر جام،
كۆرۈلسۇن مەڭگۈ تارىخ ئۇزرە بۇ نام .

. . .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەھمەد زىيائىي بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي مۇناسىۋەت - ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئەدەبىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە. ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەدەبىي ھاياتى، ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى بىلەن كۆپ جەھەتلەردە باغلىنىشلىق، مۇناسىۋەتلىك. ئەھمەد زىيائىي بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئوخشاش تېمىدىكى داستانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى — ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4. ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى

ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن چوڭ ھەجىملىك يىرىك شېئىرى ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن داستان 51 باب، 13 مىڭ 486 مىسرا شېئىردىن تەشكىل تاپقان. شائىر شۇنچە چوڭ ھەجىملىك بۇ داستاننى پەقەت بەش ئاي ۋاقىت ئىچىدىلا يېزىپ تاماملىغان. شائىر داستاننىڭ خاتىمىسىدە:

چېكىپ كۆپلىگەن رەنج، سەن بۇ ئىلىمگە ،
تۇمەن مىسرالىق ھەدىيە — سوۋغات تارتتىڭ.
ناھايىتى ئاز، قىسقا بەش ئاي ئىچىدە،
بۇ باغنى ياساشتىن قولۇڭنى بوشاتتىڭ.
بىلۇرمەنكى، ھەيرەتتە دۇرسەن ئۆزۈڭمۇ،
قەيەردىن ئۆزۈڭگە شۇنچە قۇدرەتنى تاپتىڭ.
. . .
ئەمەسمۇ ۋەتەن ـ ئەلنىڭ ئىلھامى تۈرتكە،
شۇ ئىلھام باھارىلە گۈللەر ياشارتتىڭ.

دەپ يېزىپ، داستاننى شۇنچە تېز يېزىپ تاماملىغانلىقىغا ئۆزىنىڭمۇ سۆيۈنۈش ئىچىدە ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئەھمەد زىيائىينىڭ شېئىري تالانتى ھەقىقەتەنمۇ قېرىماس،

پۇتمەس ـ تۇگىمەس تالانتتۇر. يەتمىش ياشلىق بوۋاينىڭ بىر قانچە ئاي ۋاقىت سەرىپ قىلىپلا شۇنچە كاتتا بىر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى شائىرنىڭ ئۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى كىتابخانلارنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى.

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ھەقىقەتەن كۆپ مەزمۇنلۇق داستان. داستاننى تەشكىل قىلغان مەزمۇن تەركىبلىرى شۇنچىلىك مول. شۇڭلاشقا، داستاننى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققان ھەرقانداق بىر كىتابخان بۇ داستاندىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلالايدۇ، بىلەلەيدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەلۇم سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭدا ئەدىبنىڭ شۇ ئىجتىمائىي رېئاللىق، كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرى، چوڭقۇر مۇلاھىزە ـ مۇھاكىمىلىرىمۇ ناھايىتى مۇھىم تەركىب سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە ئەدىبلەر مۇشۇ مەقسەتنى چىقىش قىلىپ مەلۇم ۋەقەلىككە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئەھمەد زىيائىينى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، شائىرنىڭ بۇ مەقسەتنى يېزىشتا ئىككى خىل مەقسىتى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرى رابىيە ـ سەئىدىندىن ئىبارەت ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىش بولسا، يەنە بىرى بۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئاشۇ ۋەقەلىك بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك باغلىنىشقا ئىگە بولغان يۇرتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، فولكلورى ھەمدە شائىرنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقى، دىداكتىك قاراشلىرىنى ئەسەر تەركىبى سۈپىتىدە بايان قىلىشتىن ئىبارەت. شائىر ئاشىق ـ مەشۇقلار ھېكايىسىگە قانچە كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، باشقا مەزمۇن تەركىبلەرنى يېزىشقىمۇ شۇنداق كۆڭۈل بۆلگەن. دىمەك، ئەھمەد زىيائىي ھايات تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسىلەپ چىققان ئىجتىمائىي،

ئەخلاقىي قاراشلىرىنى بۇ داستان ۋەقەلىكى ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ داستاننى يېزىپ چىققان. شۇڭلاشقا، مەزمۇندىكى موللۇق، ئىدىيە جەھەتتىكى كۆپ قاتلاملىق مەزكۇر داستاننىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەھمەد زىيائىي «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى يېزىشتا ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىدىكى ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان، شۇنداقلا ئۆزىمۇ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، داستاننى يېزىۋاتقان مەزگىلدە رابىيە - سەئىدىنلەرنىڭ يۇرتىغا كېلىپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئېنىقلىغان، بوۋايلاردىن ئەھۋال ئىگىلىگەن. شۇ ئاساستا داستاننىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئەمما، شائىر يەنىلا بەدىئىي تەسەۋۋۇرىغا كۆپرەك تايانغان، تەسەۋۋۇرنى قاناتلاندۇرۇپ، ئەسەرگە يېڭىدىن ناھايىتى جانلىق، ھاياتى كۈچ بېغىشلايدىغان، قىممىتى يۇقىرى بىرمۇنچە تەپسىلاتلارنى قوشقان. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر داستاننىڭ ۋەقەلىكى تېخىمۇ بېيىپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. شائىر ئەسەردە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. بولۇپمۇ رابىيە ئوبرازىنى يۇكسەكلىككە ئىگە قىلغان. ئەسەرگە ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى كىرگۈزۈپ، ئۇنى قامۇس خاراكتېرىدىكى ئەسەر خاراكتېرىگە يېقىنلاشتۇرغان. شائىر يەنە ئەسەرنىڭ ئەخلاقىي - دىداكتىك خاھىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە داستان قىلىپ چىققان، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ھەققىدىمۇ ئاز بولمىغان ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

# 5. «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدىكى سيۇژېت

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى گەرچە كۆپ تەركىبلىك، مول مەزمۇنلۇق ئەسەر بولسىمۇ، رابىيە بىلەن سەئىدىن ھەققىدىكى ھېكايە يەنىلا ئەسەرنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان. داستاندىكى ئىپىك تەركىبلەر ئاساسەن مۇشۇ ھەقتىكى سيۇژېتقا مەركەزلەشكەن، لىرىك تەركىبلەرنىڭ كۆپىنچىسىمۇ مۇشۇ سيۇژېت بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك باغلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىرنى بۇ تېمىغا قىزىقتۇرغان، شائىردا كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات پەيدا قىلغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرىمۇ دەل رابىيە ـ سەئىدىن ھەققىدىكى ھېكايىدىن ئىبارەت. شۇڭا، رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايە داستاننىڭ مۇھىم بىر ئاملى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داستان ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن داستاننىڭ ئاساسلىق سيۇژېت مەزمۇنلىرى — ۋەقەلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

داستاننىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بولغان رابىيە بىلەن سەئىدىن كىچىكىدىن تارتىپ بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ياخشى سۈپەت ـ پەزىلەتلىرىنى ياقتۇرۇشقاچقا، بىر ـ بىرىگە ئامراقلىق قىلىشىدۇ. چوڭ بولغانسېرى بۇ خىل ئامراقلىقنىڭ مۇھەببەت — ياخشى كۆرۈش ئىكەنلىكىنى، ئىشق ئوتىنىڭ ئۆزلىرىنى ئارامسىزلاندۇرۇپ،

ۋىسالغا دەۋەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. شۇنداق كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە مەرپەتپەرۋەر ئاتا ئىبراھىم ئوغلى سەئىدىنىنى ياخشىراق ئىلىم ۋە ھۈنەر تەربىيىسىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىدىكى داڭلىق بىلىم يۇرتى — ساجىيە مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. مۇشۇ جەرياندا رابىيە بىلەن سەئىدىن بىر-بىرىنى بەك سېغىنىشىدۇ. جۈرئەتلىك قىز رابىيە ھەزرەت سەيلىسىگە قاتنىشىشنى باھانە قىلىپ، شەھەرگە كېلىپ سەئىدىن بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەم سەئىدىن بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدۇ. ئۇلار يەنە مۇھەببىتى ئۈچۈن ساداقەتمەنلىكىنى، ۋاپادارلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ، ۋەدە - قەسەملەر قىلىشىدۇ. سەئىدىن ئوقۇش جەريانىدا شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق شائىرى، جامائەت ئەربابى ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە ۋە تەربىيىسىدە بولىدۇ، قەشقەردىكى داڭلىق شائىر - ئالىملارنىڭ مۇشائىرە سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ، ئۇلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. سەئىدىن ئوقۇشنى تاماملاپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويماقچى بولىدۇ. سەئىدىن باشقا قىزلار بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلىپ، رابىيەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاقاچان ۋەدىلىشىپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. رابىيەنىڭ دادىسى ياقۇپنىڭ پۇل - بايلىقتا، ھوقۇق - مەنسەپكە ھېرىسمەن ئادەم ئىكەنلىكى، زالىملىق، يولسىزلىقتا ئۇچىغا چىققانلىقى، نامراتلارنى ياراتمايدىغانلىقى پۈتۈن يۇرت خەلقىگە ئېنىق بولغاچقا، سەئىدىننىڭ نىيىتىنى ئۇققان ئاتا - ئانا بۇ ئىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، قاتتىق بىئارام بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، رابىيەنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. گەرچە رابىيەنىڭ ئانىسى قىزىنىڭ بەختىنى ئويلاپ، سەئىدىنگە رابىيەنى بېرىش تەرەپدارى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قىزنىڭ دادىسى ياقۇپ رابىيەنى بۇ يۇرتتىكى يەنە بىر باينىڭ ئوغلى

جابىرغا بەرمەكچى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن سەئىدىنىنىڭ ئەلچىلىرى نەتىجىسىز قايتۇرۇۋېتىلىدۇ. ياقۇپتىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئاللىقاچان پەملىگەن سەئىدىن رابىيە ۋە دوستى ھەسەنلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ياقۇپلار جابىرلار بىلەن تويلىشىۋاتقان كۈنى كەچتە قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن جابىر يۇرت بەگلىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، رابىيە بىلەن سەئىدىننى تەرەپ - تەرەپلەردىن ئىزلەپ، ئاخىرى تەكلىماكاندىن تېپىپ كېلىشىدۇ. رابىيە ئاتا-ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. سەئىدىن بولسا قىزنى ئېلىپ قاچقان «گۇناھى» ئۈچۈن يولسىزلىق بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. شۇ كۈنلەردە قەشقەر ھۆكۈمرانى زوھورىدىن ھېكىم بەگ قەشقەر سېپىلىنى ياساش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنىدى. سەئىدىن ئاشۇ سېپىل سوقۇش ئەمگىكىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. سېپىل ئەمگىكىدە ئۇ جابىرنى كۆرۈپ قېلىپ قاتتىق ئېلىشىدۇ. بۇ ئىشقا چىدىمىغان جابىر يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ، يوق گۇناھلارنى ئارتىپ سەئىدىننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغۇزۇۋېتىدۇ. سەئىدىن قايتىدىن تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، رابىيە قاتتىق ئازابلىنىپ ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ كېتىدۇ. كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن رابىيە قەشقەر شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ قەشقەردىكى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەئىدىنىنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى جاكارنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۇ قانداق قىلىپ سەئىدىننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە كۆپ ئويلىنىدۇ ۋە ئاخىر ئابدۇرېھىم نىزارىدىن ياردەم سورىماقچى بولۇپ، ئوغۇلچە ياسىنىپ، بۇ مۆھتەرەم زات بىلەن كۆرۈشىدۇ. نىزارى رابىيەنىڭ ۋاپادار، قەيسەرلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇ رابىيەنى زوھورىدىن ھېكىم بەگ بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. ھېكىم بەگمۇ رابىيەنىڭ جۈرئىتىگە، قەيسەرلىكىگە قايىل بولۇپ، سەئىدىننىنى ئۆلۈم

جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ. نىزارى كېيىنچە يەنە سەئىدىنىنىڭ تۈرمىدىن چىقىپ كېتىشىگىمۇ ياردەم قىلىدۇ. ئەمما، سەئىدىن تۈرمىدە ئازاب ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن بەك جۈدەپ، ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە، تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئۆلۈم رابىيەگە بەك ئېغىر كېلىدۇ. ئەمما، ياقۇپ بىلەن جابىر نىيىتىدىن يانماي، رابىيەنى تويغا يەنە مەجبۇرلايدۇ. ئۆزىنى ئاللىقاچان سەئىدىنگە بېغىشلىۋەتكەن رابىيە قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆزىنى يامانيار دەرياسىغا تاشلاپ سەئىدىنىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىدۇ. قىش تۈگەپ ياز كەلگەندە رابىيەنىڭ جەسىتى ئاران تېپىلىدۇ. كىشىلەر بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يېتەلمىگەن بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ مۇرادىغا يەتسۇن دەپ، رابىيەنى سەئىدىنىنىڭ قەبرىسىگە دەپنە قىلىشىدۇ.

ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى سۇژېتقا ئەنە شۇنداق باي بىر داستان. شائىر داستان سۇژېتىنى بېيىتىشنى بۇ داستاننى يېزىشتىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى دەپ قارىغان. شائىرنىڭ بۇ داستان سۇژېتىنى قانچىلىك دەرىجىدە مۇللاشتۇرغانلىقىنى بۇ ئەسەر بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ باقساقلا ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئەھمەد زىيائىي مەزكۇر داستاننىڭ سۇژېتىغا ئالدى بىلەن سەئىدىنىنىڭ قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر تەپسىلاتنى قوشقان. بۇ تەپسىلات ئەسەردە سەئىدىنىنىڭ ئىلىم ـ ھۈنەردە خېلىلا پىشىپ ـ يېتىلگەنلىكىنى، ئابدۇرېھىم نىزارىدىكى شۇ دەۋر كاتىپلىرى بىلەن تونۇشقانلىقىنى، رابىيە بىلەن بولغان ئامراقلىقىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان ئىشق ـ مۇھەببەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن ۋەدىلەر قىلىشقىنىنى. . گەۋدىلەندۈرۈشتە ھەقىقەتەن مۇھىم رول

ئوينىغان. تېخىمۇ مۇھىمى، شائىر مۇشۇ تەپسىلاتنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئەسەر ئاخىرىدىكى سەئىدىنىڭ ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت ھالقىلىق تەپسىلاتنى مۇكەممەللىككە ئېرىشتۈرگەن. شۇنداقلا شائىر مۇشۇ بىر تەپسىلات ئارقىلىق قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەدرىس - مەكتەپلىرى ھەققىدە، مەشھۇر شائىر - ئالىملىرىنىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە، ھەزرەت سەيلىسى، ھەزسۇلتان سەيلىسى ھەققىدە، بۇ سەيلىلەردىكى ھەر خىل پائالىيەت - مۇراسىملار، ئۇلارنىڭ تارىخى ھەققىدە، ھەتتا خەلقىمىزدىكى بەزى خۇراپاتلىقلارنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە. . . ناھايىتى مول بىلىملەرنى ۋە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە - كۆز قاراشلىرىنى يازغان. سەئىدىنىڭ رابىيەنى ئېلىپ قاچقانلىقى، سەئىدىنىڭ قەشقەر سىپىلىدا ئىشلىگەنلىكى، سەئىدىنىڭ رابىيە ۋە ئىنزارى ياردىمىدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى، رابىيە جەسىتىنىڭ قانداق تېپىلغانلىقى. . . قاتارلىق تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئەھمەد زىيائىينىڭ رابىيە - سەئىدىن ھەققىدىكى داستان سۈژىتىنى بېيىتىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر مۇشۇ ئىجادىي قوشقان تەپسىلاتلار ئاساسىدا يەنە ئەسەرگە نۇرغۇن مەزمۇنلارنى قېتىپ، ئەسەر مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇپ، مەزكۇر داستاننى مۇھەببەت ھېكايىسى ئاساس قىلىنغان، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، كىشىگە كۆپ قاتلاملىق، مول بىلىم بەرگۈچى يىرىك ئەسەرگە ئايلاندۇرغان.

# 6. شائىرنىڭ ئوبراز يارىتىش سەنئىتى

پېرسوناژلار ئوبرازىنى مەلۇم مۇكەممەللىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىش — بۇ داستاننىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقا مۇھەببەت داستانلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئەھمەد زىيائىيمۇ بۇ داستاننى ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان ھەم باش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا ۋە ئۇلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەسەردە باش قەھرىمانلار قىسمەتلەرگە باي، تراگېدىيىلىك سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە روشەن خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلىرى ئەسەر سۇژېتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى قىلىنغان.

مەزكۇر داستاننىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا شائىرنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت مەقسەتلىرىدىن بىرى — رابىيە ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇبادا بىز ئەسەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇيدىغان بولساق، شائىرنىڭ رابىيەگە نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمىتى، قايىللىقى بارلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا كۆپ كۈچ چىقارغانلىقىنى ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئاسانلا ھېس قىلالايمىز. شائىر رابىيەنى ئۆزىگە خاس سەرگۈزەشتىلەرگە، ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ۋە روشەن خاراكتېر - ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئوبرازىنى يارانقاندا ئۇنى كۆپ تەرەپتىن

سۇرەتلەشكە دىققەت قىلغان. شائىر رابىيەنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى:

ئەگەر ئاي دېسە، بار ئىدى ئاغزى،
ئۇنى كۈن دەي دېسە، مەۋجۇتتى كۆزى.
بويىنى سەرۋۇ دېسە، ئۇ ماكانتى،
دېسە ئاغزىنى غۇنچە، سۆز قىلاتتى.
كۆزىن نەرگىس دېسە، تۇراتتى ئويناپ،
لېۋىن لەئىل دېسە، تۇراتتى قىمىرلاپ.
يۈزىنى گۈل دېسە، گۈلدىن چىرايلىق،
ساچىنى دەي دېسە سۇمبۇل، تاراقلىق.
قېشى بەرگى قىياقتى، يا ئىدى يا،
قاتار كىرپىكلىرى ئوق ئىدى گويا.

دېگەن سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى كىتابخانلار كۆز ئالدىدا نامايان قىلىدۇ. شۇنداقلا يەنە شائىر بۇ گۈزەل قىزدا ناھايىتى ئېسىل بىر قەلب دۇنياسى بارلىقىنى ئاپتور بايانى ۋە ئەسەردىكى تەپسىلاتلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە رابىيە ـ ۋاپادارلىق، قەيسەرلىك، ئالىيجانابلىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، سەممىيلىك ۋە مېھرىبانلىقتا ئوخشاش خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئادەمىيلىك قارىشى، تۇرمۇش غايىسى ۋە مۇستەھكەم ئېتىقادى بار. ئۇ گەرچە باي ئائىلىنىڭ قىزى بولسىمۇ، بۇنداق بايلىقنىڭ ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق بايلىق ھېسابلانمايدىغانلىقىنى، بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. بۇنداق بايلىقنىڭ، جۈملىدىن بايلىقنى دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ بارلىق بەختسىزلىكلەرنىڭ، رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى،

ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق يامانلىق كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ باي ئائىلىسىدە ئانىسىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ قىلچىلىك ئادەمىيلىك ئورنى ۋە ھوقۇقى يوقلىقى ئۇنى بايلارغا تېخىمۇ نەپرەتلەندۇرۇپ، ئەركىنلىككە تېخىمۇ تەلپۈندۈرىدۇ. نامرات دېھقاننىڭ ئوغلى بولسىمۇ، لېكىن ئادەمىيلىك پەزىلەتكە، چىن ئىنسانىي قەلبكە، ئوتلۇق مۇھەببەتكە، ئىلىم - ھۈنەرگە ئىگە بولغان سەئىدىننى رابىيە جابىردەك بەگچەكلەردىن مىڭ ھەسسە ياخشى دەپ قارايدۇ ھەم ئۇنىڭغا بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە رابىيەنىڭ ياخشى كۆرۈۋاتقىنى، تەلپۈنۈۋاتقىنى، ئۆزىنى قۇربان قىلىۋاتقىنى نوقۇل ھالدىكى ئىشق - مۇھەببەت ۋىسالى ئەمەس، بەلكى يەنە بىر خىل ئىنسانىي پەزىلەت، گۈزەل قەلب ۋە بەختىيار ھايات. رابىيەنىڭ ئاجايىپ ئارزۇ - ئارمانلىرى، گۈزەل غايىلىرى ئەسەردە ھامان سەئىدىننىڭ ۋىسالى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ بۇ ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن ناھايىتى غەيرەتلىك، تەشەببۇسكار بولىدۇ. ئۇ بىر قىز بولۇشىغا، قىزلارغا نۇرغۇن جەھەتلەردە توساق - توسالغۇلار قويۇلغىنىغا قارىماي، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەزرەت سەيلىسى باھانىسىدا ئاشىقى سەئىدىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋەدىسى بېرىدۇ؛ سەئىدىن بىلەن بىللە قېچىپ، دادىسىنىڭ مەجبۇرلىشىغا، زورلىقىغا قارشى چىقىدۇ؛ سەئىدىننى ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن رابىيە شۇ دەۋرنىڭ ئەخلاق قاراشلىرىدىن، تەرتىپ - قائىدىلىرىدىن قورقماي، داڭلىق زات ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن ھەتتا زوھورىدىن ھېكىم بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، قىسمەت - سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ، سەئىدىننى قۇتقۇزۇپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ئەركىنلىكى، ئۆز بەختىنى ئىزدىگۈچى ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچى. ئۇنىڭ بۇنداق باتۇرلىقى، كۆرەشچانلىقى،

قەيسەرلىكى شۇ دەۋر رېئاللىقى ئۇچۇن ئېيتقاندا ھەقىــقەتەن ناھايىتى چوڭ ئىسيانكارلىق ۋە قەھرىمانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داستاننىڭ ئومۇمىي خاھىشىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، رابىيەنىڭ مۇھەببەت، ئەركىنلىــك، ھوقۇق ۋە بەخت ئۈچۈن كۆرەشكەن جان پىدالىقى ۋە ئېلىپ بارغان كۆرەشلىــرىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش، مەدھىيىلەش — داستاننىــڭ ئاساسلىــق مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد زىيائىي بۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشتىكى ئاساسلىق مۇددىئالىرىدىن بىرى دەل مۇشۇ مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تــىلغا ئالغانىدى. شۇڭا، بۇ داستاندىكى رابىيە ئىزارى قەلىمى ئاستىدىكى رابىيىگە قارىغاندا تېخىمۇ قەيسەر، تېخىمۇ كۆرەشچان، ئەقىل - پاراسەتلىك بىر قىز سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

رابىيە زالىم ئاتىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكــى ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. خۇددى ئانىســى: «ئۆزۈڭ بىلىسەنكى، بىزدە ھېچ ھوقۇق يوق، ئاتاڭنىڭ پەيلىدىن قىل ئېھتىيات، قورق» دەپ ئېيتقىنىدەك، ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭغا مېھرىبان ئانىنىڭ بۇ ئائىلىدە قىلچە ھوقۇقى يوق، ئۇلار ئۆزلىــرىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۆز ئىرادىسىنىــى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ئۇلارنىــڭ بۇنداق تۆۋەن، ھوقۇقسىــز ئورنىنى يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق، فېئوداللىق تۈزۈم بەلگىلىگەن. ئەمما، رابــىيە مۇنداق تۆۋەن ئورۇنغا، ھوقۇقسىزلىققا، ئەركسىزلىككە ماقۇل بولۇپ ياشاشنى خالىمايدۇ. رابىيە ئوبرازىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر يېرى مانا مۇشۇ يەردە. ئۇ ئالدى بىلەن دادىسىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىغا، زالىملىقىغا، ئۆز تەقدىرىنى دادىسىنىڭ بەلگىلىشىگە دادىللىق بىلەن قارشى چىقىدۇ. بۇ قارشىلىق ئۇنىڭ جابىر بىلەن توي قىلىشقا قارشى چىقىشىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئەركىنلىكىنى قولىغا

ئېلىشقا، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە شۇنچىلىك تەشنا. شۇڭا، ئۇ جابىر بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلانغاندا ئېنىق قىلىپ:

مېنى گەر بەرمىسەڭلارمۇ ئۇنىڭغا،
لېكىن، قوشماڭلار ھەرگىزمۇ بۇنىڭغا.
قوبۇل بولمىسا بۇ پىكرىم ئەگەردە،
ئاتام قويسا سۆزۈمنى يەنە يەردە،
ۋاپاسىز بۇ جاھاننى مەن قويۇرمەن،
ئۈزۈلگەن غۇنچىدەك توزۇپ كېتەرمەن.

دەپ ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈرىدۇ. دېگەنىدەك، ئۇ دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ مەجبۇرلىشىغا بويسۇنمايدۇ، دېگىنىگە كۆنمەيدۇ. ئادەمىيلىك پەزىلەتتىن ئەسىرمۇ يوق جابىر بىلەن بىرگە ياشاشتىن، زورلۇققا باش ئېگىشتىن، ئەركىسىز، ھوقۇقسىز، بەختسىز ياشاشتىن، ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئاشۇ دەۋر رېئاللىقىدا رابىيەنىڭ دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىپ، ئۆز ئەركىنلىكىنى ئىزدەشكە جۈرئەت قىلىشىنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. رابىيەنىڭ بۇنداق جۈرئىتىگە يەنە ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسى كېلىپ قوشۇلۇپ، بۇ ئوبرازنى ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك بىر ئوبرازغا ئايلاندۇرغان.

رابىيە يالغۇز قارشىلىق كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ ھوقۇقى، تەقدىرى ۋە بەختى ئۈچۈن دادىللىق بىلەن كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ — رابىيە خاراكتېرىدىكى تېخىمۇ قىممەتلىك بىر تەرەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى يالغۇز دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان سەئىدنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان

پائالىيەتلىرىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ سەئىدىنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ مۇنداق ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ:

...

بۇنى ئاڭلاپ بېشىغا تاغ يىقىلدى،
يۈرەكى ئەرىسقىپ، نەپەسى سىقىلدى.
دىماغىدىن چىقىپ بىر ئاتەشىن ئاھ،
كېتىپ ھوشىدىن يىقىلدى يەرگە ناگاھ.

ئەمما، رابىيە قايغۇرۇش، زارلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئەقىل ئىشلىتىپ ھەم دادىللىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ئوردىغا كىرىپ نىزارىدىن ياردەم سورىماقچى بولىدۇ. لېكىن شائىر:

شارائىتكىم ئىدى مەۋجۇت بۇ ۋاقىتتە،
ئوخشۇشلۇق ھېچ ئەمەستى ئۇشبۇ ھەقتە.
ئايال ئۆزى بېرىپ ئوردىغا كىرمەك،
نىزارىنى بېرىپ تاپماق، كۆرۈشمەك،
ئەمەس بىر كۈندىلا مۇمكىن بولۇر ئىش،
بۇنى بىلمەيدۇ خوب دەپ شاھ، دەرۋىش.

دەپ يازغىنىدەك، شارائىت رابىيەنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا پايدىسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ رابىيە بۇنىڭلىق بىلەن سەئىدىنى قۇتقۇزۇش ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. ئوغۇلچە ياسىنىپ، نىزارى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ئەھۋال ئېيتىدۇ. نىزارى رابىيەنىڭ بۇنچىۋالا غەيرەتلىك ئىكەنلىكىگە، باتۇرلىقىغا، ئۆز مۇھەببىتى يولىدىكى جان پىدالىقىغا مۇنداق ئاپىرىن ئېيتىدۇ:

نىزارى دېدى قىزغا ئاپىرىن كۆپ،
ئۇنى قىلدى ۋاپادارلىققا مەنسۇپ.
دېدى كۆڭلىدە چىندىن بارىكاللا،
ئەگەر بولسا مۇشۇ روھتا ئاياللار...

دېمىسىمۇ، رابىيەدىكى مۇنداق روھ ناھايىتى قىممەتلىك ئىدى. ئۇ مۇشۇ روھتا ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقلىرى ۋە نىزارىنىڭ ياردىمى بىلەن زوھورىدىن ھېكىمبەگنىمۇ قايىل قىلىپ، سەئىدىنى ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. سەئىدىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى ئۇنىڭ بىگۇناھلىقىدىن كۆرە رابىيەنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ۋە نىزارىنىڭ ياردىمىدىن مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىدۇ. شائىر داستاندا رابىيەنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ، سەئىدىنى ئۆلۈمدىن، كېيىنچە تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرغان قىلىپ يازغان. مۇنداق يېزىش سۆزسىزكى رابىيە ئوبرازىنى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن، شائىرنىڭ ئىستىتىك غايىسى بىلەن، شائىرنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن شۇنداقلا ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلمەكچى بولغان مەركىزى ئىدىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەلۋەتتە، ئاشۇ فېئودالىزىم شارائىتىدا ئۆزىنىڭ ھوقۇقى، ئەركىنلىكى، بەختى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان بۇ ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مۇرادىغا يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گەرچە شائىر بۇ سۆيۈملۈك پېرسوناژلىرىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن دەۋر چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىقىشنى، ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشنى ئەسەرنىڭ چىنلىق تۇسىگە، تارىخي ئالاھىدىلىكىگە نۇخسان يەتكۈزىدۇ، دەپ قاراپ، بۇ ئاشىق-مەشۇقلار ھەققىدىكى ھېكايىنى يەنىلا بىر مۇھەببەت تراگېدىيىسى

قىلىپ يازغان. رابىيەنىڭ قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىشى — بۇ تراگېدىيىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
رابىيە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ناھايىتى ۋاپادار بىر قىز. ئۇ ۋاپادارلىقى بىلەن تېخىمۇ گۈزەل ۋە تېخىمۇ ئۇلۇغ. ئۇ مۇھەببەت ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشنى جېنىدىن مۇھىم دەپ بىلىدۇ. ئۇلار ھەزرەت سەيلىسى مەزگىلىدە كۆرۈشكەندە مۇنداق ۋەدە قىلىشىدۇ:

قىلىشتى ئۇلار شۇنداق ئەھدۇ - پەيمان،
تېنىدە بولسىلا شېرىن ئەزىز جان ،
ئەبەددىن تا ئەبەد بىللە ئۆتۈشكەي،
ئەگەر ئۆلسە بىرى بىللە ئۆلۈشكەي.

دېگەندەك رابىيە مۇشۇ ۋەدىسىگە ھەقىقىي ئەمەل قىلىپ، بارلىقىنى سەئىدىنىگە بېغىشلايدۇ، ئۇ دۇنياغا سەئىدىن كەتسە ئارقىسىدىن ئۆزىمۇ كېتىپ، سەئىدىنگە بولغان ۋاپادارلىقىنى شۇ خىل شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، رابىيە «مېنىڭ ئىشقىمدا سەئىدىن كەتتى جاھاندىن، ماڭا نە پايدا بار ئەمدى بۇ جاندىن» دەپ قارايدۇ ھەم ئۆلۈم يولى ئارقىلىق يارىنىڭ ۋىسالىغا يەتمەكچى بولىدۇ. رابىيەنىڭ ئۆلۈمى ھەقىقەتەن ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيدۇ. ئەمما، رابىيە ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆلۈم ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئېگە: ئۆلۈم — ئۇنىڭ يار ۋىسالىغا يېتىشتىكى بىردىنبىر يولى؛ ئۆلۈم ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا ئاشۇ زۇلمەتلىك رېئاللىقتا ۋە شۇ رېئاللىقتىكى رەزىللىكلەرگە بولغان نارازىلىقى، ئىسيانكارلىقىنىڭ بىرخىل ئىپادىلىنىش شەكلى، شۇنداقلا ئۆلۈم — ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر خىل كۆرەش شەكلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.
قىسقىسى، رابىيە ھاياتنى شۇنچىلىك قىزغىن سۆيىدۇ، ئەركىن، بەختىيار تۇرمۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلىدۇ، شۇنداقلا

ئۆلۈمنىمۇ باتۇرلۇق بىلەن تاللىيالايدۇ.

ئەھمەد زىيائىي رابىيە ئوبرازىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇنى ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ئۆلگىسى، ئاياللار ئازادلىقى، ئەركىنلىكىگە توسقۇن بولىدىغان توسالغۇلارغا قارشى چىققۇچى دەپ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭغا يەنە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان، شۇنداقلا ئۇنى، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق مىسرالارنى يېزىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر بەدىئىي ئابىدە تىكلىگەن:

بولۇپ رابىيە چىندىن بىر ۋاپادار،
ۋاپادارلىقنى قىلدى تولا ئىزھار.
ئۇنىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن ئىشىنى،
خىيال قىلسا قىلۇر قايىل كىشىنى.
بۇنى ھەممە دېدىمۇ ياخشى دەپ؟ ياق!
قارا دېگەنلەر چىقتى، بولسىمۇ ئاق.
بىرى دېدى ۋاپادار، بىرى بەڭۋاش،
بىرى گەۋھەر دېدى، بىرى دېدى تاش.
بىرى ئاقىل دەپ ئېيتسا، بىرى نادان،
ئاياللىق "ئابرويىنى" يوقاتقان.
بىرى دېسە جەسۇركەن ئۆزى، سۆزسىز،
بىرى دېدى چىغىردىن چىققۇچى قىز.
تارالدى سۆز بولۇپ ھەققىدە چۆچەك،
يامان ـ ياخشى، قارا ـ ئاق، ئاقىل ـ ئەخمەق.
قاراپ ئىنساپ بىلەن بەرسە باھانى،
بولامدۇ ياخشى دەپ ئېيتماسقا ئانى.
ئانى سەلبى دېسە بولمايدۇ ھەرگىز،

ۋاپادار، قەھرىمان، ئاقىل، جەسۇر قىز.
ئەمەس ھېچكىم ئۇنى ئەيىبلەشكە ھەقلىق،
ھوقۇقىنى قوغداشنى قىلدى ، تەھقىق.
كىمىكى ئۆز ھوقۇقىنى ئۇنۇتسا،
ھوقۇقسىز كۈن كۆرۈش يولىنى تۇتسا،
ئېرۇر بۇنداق كىشىلەر، كەم خوتۇندىن،
رابىيە مىڭ قېتىم ئەلا ئۇنىڭدىن.
ھوقۇقسىزلىقتا كۆنگەن ئەر بولۇرمۇ،
ھوقۇقتىن چوڭ نېمەرسە كۆرۈلۈرمۇ؟
ھوقۇقى يولىدا رابىيە ئۆلدى،
ئۇنىڭ جىسمى چوكانياردا كۆمۈلدى.
لېكىن، قالدى بولۇپ تىللاردا داستان،
قىلىپ تارىخىي بەتلەرنى گۈلىستان.
قېنى سازەندە سازدىن بىر ناۋا تۈز،
بۇ تۈگمەس رىشتەنى چورتتىندا ئۈز.
سېنىڭ كۈيۈڭ كۆڭۈلگە بەرسۇن ئارام،
تەپەككۇر بۇ ئارامدىن ئالسۇن ئىلھام.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىنىڭ، جۈملىدىن «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئۇتۇقلىرىدىن بىرى ئۇنىڭدا رابىيە ئوبرازىنىڭ يارىتىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر رابىيە ئوبرازىنى ھەقىقەتەن كۆڭۈل قويۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. شۇنداق بولغاچقا، رابىيە ئوبرازى ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان ئۆلمەس ئوبرازلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان.
ئەھمەد زىيائىي سەئىدىن ئوبرازىنى يارىتىشتىمۇ ئۆزگىچە يول تۇتقان. شائىر داستاندا رابىيەنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆپرەك

تەسۋىرلىگەن بولسا، سەئىدنىڭ پىكىر - ئىدىيىلىرىنى يېزىشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن. سەئىدنىنى ئاساسەن مۇشۇ جەھەتتىكى تەسۋىر، بايانلار ئارقىلىق روشەن خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلغان. ئەلۋەتتە، سەئىدنىمۇ ئۆز بەختى ئۈچۈن رابىيەنى ئېلىپ قېچىشتەك ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ، ئەشەددى دۈشمىنى بولغان جابىر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. بۇ ھەرىكەتلىرىدە باتۇر- قورقۇمسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پىكىر - ئىدىيىلىرى كىشىنىڭ ھەقىقەتەن قايىللىقىنى قوزغايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، شائىر سەئىدنىنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئومۇمەن مەغلۇبىيەتلىك قىلىپ يېزىپ، بۇ ئارقىلىق ئاشۇ فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ زۇلمەتلىكىنى، قاراڭغۇلىقىنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ زوراۋان - ۋەھشىيلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ پىكىر - ئىدىيىلىرىنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى، ھەققانىيلىقىنى، يۈكسەك ئىنسانىي خىسلەتلىرىنى ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىقتىدارسىز، يولسىز، مۇتىھەملىكىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن.

سەئىدنى ھەقىقىي بىر دېھقان ئوغلى. شۇڭا، ئۇنىڭدا مېھنەتكەش ئەمگەكچىلەرگە خاس بولغان باتۇرلۇق، سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، ۋاپادارلىق، ئەمگەكچانلىقتا ئوخشاش ئېسىل خىسلەت - پەزىلەتلەر مۇجەسسەملەشكەن. كېيىنچە ئۇ يەنە مەخسۇس تەربىيە ئارقىلىق ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىپ، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. ئۇ شائىرلارنىڭ مۇشائىرىسىگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، شۇ دەۋردىكى كاتتا شائىرلارنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشىدۇ؛ ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدىكى مۇھاكىمە - مۇنازىرىلەردە پىكىردىكى چوڭقۇرلۇقىنى ئاشكارىلايدۇ. قىسقىسى، سەئىدنى روھى دۇنياسى

باي ھەم يۈكسەك يىگىت بولۇپ، نوقۇل مۇھەببەت ئۈچۈنلا سەۋدايى بولۇپ يۈرۈيدىغان، ۋىسالدىن باشقا مەقسىتى بولمىغان، مۇھەببەتتىن باشقىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىشق مەستانىسى ئەمەس. ئۇنىڭ مۇھەببىتى، ئىشقى شۇ قەدەر ئالىجانابلىقتا، پاكلىقتا ھەم كۆرەش قىلىش روھىغا ئىگە. رابىيە ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق تەرەپلىرىنى ياقتۇرىدۇ. سەئىدىنىڭ ئاتا - ئانىسى ياقۇپنىڭ ئۆزلىرىنى قۇدىلىققا مۇناسىپ كۆرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغاچقا، سەئىدىنى رابىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قول ئۈزۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئەمما، سەئىدىن ئۇنداق قىلمايدۇ. ئەكسىچە «چېكىن دېسەلەر، ئەمەس بۇ ئىختىيارىم، بولۇپتۇ بۇ ئىشق مەڭگۈگە يارىم.» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەلچىلىكى رەت قىلىنغاندىن كېيىن بولسا، ئۇ تېخىمۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىدۇ. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق يازىدۇ:

مۇشۇ ھالەتتە سەئىدىنىڭ خىيالى،
جېنىنى ئاسرىماقتىن بولدى خالىي.
دىلىدا ئويلىدى تۈرلۈك پىلاننى،
يوقاتماقچى بولدى جابىر ئىلاننى.
ئۇ مەھكەم باغلىدى بۇ ئىشقا بەلنى،
رابىيەدىن بۆلەكتىن ئۈزدى دىلنى.
. . .

سەئىدىن ھۆكۈمران - بايلارغا بوزەك بولمايدۇ، رابىيەنىڭ مۇھەببىتىگە ۋاپا - ساداقەت ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئىشلىرى مەغلۇپ بولۇپ، جابىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ يەنىلا ۋىسالدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ، بەلكى جابىرغا، جابىر ۋەكىللىكىدىكى زالىم - زوراۋانلارغا قارشى كۆرىشىنى توختىتىپ قويمايدۇ. سەئىدىنىڭ بىر قېتىملىق ئىدىيە كۆرىشىنى شائىر مۇنداق

تەسۋىرلىگەن:

دېدى: قىلدىڭ بۇ ئىشنى سەن نېمىشقا؟
دېدى مەجبۇر قىلىشتىلەر قىلىشقا.
دېدى: قانداق قىلىپ مەجبۇر قىلىشتى؟
دېدى: يارنىڭ يېنىدىن قوغلۇشۇشتى.
دېدى: بۇ قىز سېنىڭ بولغان ئەمەسقۇ؟
دېدى: بىزلەر پۈتۈشكەن ئاشۇ بەسقۇ.
دېدى: رازى ئەمەس تۇرسا ئاتاسى،
دېدى: قىزدا رىزالىقنىڭ ئاساسى.
دېدى: بۇ ئويلىرىڭ بەكمۇ خاتادۇر،
رازىلىقنىڭ ئاساسى شۇ ئاتادۇر.
دېدى: ئۇنداق ئەمەس كۆرگىل نىكاھنى،
نىكاھ قىلىشامدۇ قىزنى يا ئاتانى.
قوبۇل قىللامۇ دەپ قىزدىن سورايدۇ،
دېمەك، قىزنىڭ قوبۇلىغا قارايدۇ.

سەئىدىن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر، مەنتىقلىق پىكىر - جاۋابلىرى بىلەن جابىرلارنى ئەنە شۇنداق لەت قىلىدۇ. لېكىن، جابىرلار مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، يولسىزلىقى ئۈچۈن خىجىل بولماي، سەئىدىننى ئېغىر جازالايدۇ، سەئىدىنمۇ بوش كەلمەي سېپىل ھاشىرىدا جابىردىن ئەنتىنى ئالىدۇ، شۇ سەۋەبلىك سەئىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئەمما سەئىدىن بۇنىڭغا پۇشايمان قىلمايدۇ. ئۇ دېھقان بولغىنى بىلەن بىلىملىك، ئەقىللىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بۇنداق ئاجايىپ قىسمەتلەرگە، پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچار بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئاشۇ مەزگىللەردىكى فېئوداللىق تۈزۈم، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى

ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق دەۋر زۇلمىنىڭ سەئىدىنىدەك ھەققانىي، كۆرەشچان، ئارزۇ - غايىلەرگە باي، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان كىشىلەرگە جاپا سېلىپ، ئۇلارنى خانىۋەيران قىلىۋېتىپ بارغانلىقىدەك جىنايەتكارلىقىنى ئوبرازلىق تەنقىد قىلغان. ئەھمەد زىيائىي سەئىدىنىنى ھەم ئالىيجاناب خىسلەت - پەزىلەتلەرگە ئىگە، ھەم قورقۇمسىز، باتۇر، كۆرەشچان ھەم ئەقىللىق، بىلىملىك ھەم ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق ھەقىقىي بىر ئاشىق قىلىپ ياراتقان. شائىر مەيلى سەئىدىن ئوبرازىنى بولسۇن، مەيلى رابىيە ئوبرازىنى بولسۇن مەلۇم دەرىجىدە غايىۋىلىككە ئىگە قىلىپ ياراتقان. بۇ پېرسوناژلار بىلەن تونۇشقان ھەرقانداق بىر كىتابخان ئۇلارنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىدىن، پاجىئەلىك تەقدىرىدىن ئېچىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ مۇھەببەت، ئەركىنلىك، بەخت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدىن ئىلھاملانماي قالمايدۇ. شۇڭا، ئەھمەد زىيائىي قەلىمى ئاستىدىكى رابىيە بىلەن سەئىدىن ئوبرازلىرى ھەم رېئاللىقتىكى ھەقىقىي قەھرىمانلار بولۇش، ھەم مەلۇم غايىۋى يۈكسەكلىككە ئىگە بولغان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەسەرگە يۇقىرى ئېستېتىك قىممەت ۋە كىتابخانغا كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ.

ئەھمەد زىيائىي رابىيە بىلەن سەئىدىنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى بۇنداق ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشت - تەقدىرىگە قاتتىق ئېچىنىدۇ ھەم چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ. بۇنداق قىسمەتلىك ئاشىق - مەشۇقلار دۇنيادا كەم تېپىلىدۇ، دەپ قارايدۇ:

گۇۋاھىدۇر بۇنىڭ رابىيە - سەئىدىن،
بولارمۇ ئىشىق تەسىرلىكرەك بۇنىڭدىن.
تۇغۇلسا - كۆرمىسە ئىشقىتىن بۆلەكنى،

يا قاندۇرمىسا ۋەسلىدىن يۈرەكنى.
تۇرالمىسا بۇلار بىر يەردە بىردەم،
بولالمىسا بۇلار ئۆزئارا ھەمدەم.
كىچىك تۇرۇپ ئىشىق دەردىنى تارتسا،
بىرى ئۆلسە، بىرى سۇغا ئۆزىنى ئاتسا.
ئەمەسمۇ بۇ مانا چىن سۆيگۈ سىرى،
بۇنىڭدىنمۇ بولامدۇ سۆيگۈ غەيرىي؟!

ئەھمەد زىيائىي ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مانا مۇشۇنداق قىسمەت تەقدىرىنى چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي ئەسەر شەكلى ئارقىلىق يېزىپ خاتىرە قالدۇرۇش، بۇلاردىن بارلىق ئۇيغۇرلارنى خەۋەردار قىلىش ناھايىتى مۇھىم ۋە ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراپ، مەزكۇر داستاننى يازغان ھەم ئىككى ياشنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان.

داستاندا يەنە ياقۇپ بىلەن جابىردىن ئىبارەت ئىككى رەزىل ئادەمنىڭ سەلبىي ئوبرازىمۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن سۈرەتلەنگەن. شائىر داستاندا ياقۇپ بىلەن جابىرنى مەخسۇس سەھىپىلەردە ئايرىم تەسۋىرلىمەيدۇ، ھامان داستاننىڭ باش قەھرىمانلىرى بولغان رابىيە، سەئىدىنلەر بىلەن بولغان زىددىيەت، كۆرەش داۋامىدا ئۇلارنىڭ خاراكتېر-ئالاھىدىلىكلىرىنى يارىتىدۇ. بۇ ئوبرازلار ئۆزلىرىنىڭ سەلبىي خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق زىددىيەتنى پەيدا قىلىپ، ئەسەردىكى ۋەقە سۇژىتىنى كەسكىنلەشتۈرىدۇ. شائىر بۇ ئوبرازلارنى نەپرەتلىك قىلىپ ياراتقان. ياقۇپنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ يېزىدىكى بىر كىچىك باي، گەرچە ئۇ رابىيەنىڭ دادىسى بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېر - مىجەز جەھەتتە رابىيەگە قىلچە ئوخشىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى ناھايىتى رەزىل بولۇپ،

ئۇ پۇل — مالغا، ھوقۇق ـ مەنسەپكە، شۆھرەت ـ ئابرويغا تولىمۇ ھېرىسمەن ئادەم. ئۇ ئاشۇ ھېرىسلىكىنى چىقىش قىلىپ، قىزىنىڭ تەلىپىنى قىلچە ئويلاپ قويمايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق رەزىللىكىنى رابىيەنىڭ توينى كىم بىلەن قىلىش مەسىلىسىدە ئايالى بىلەن قىلىشقان تۆۋەندىكى دىئالوگدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

دېدى ئانىسى: قىلايلى مۇشۇ توينى،
دېدى ياقۇپ: تاشلا سەن بۇ ئوينى.
دېدى ئانىسى: ئوغۇل ياخشى ئوغۇلدۇر،
دېدى ياقۇپ: ھەممىدىن ياخشى پۇلدۇر.
دېدى ئانىسى: بىلىم، ئەخلاق، پەزىلەت،
ئۇ پۇلدىنمۇ ئۇلۇغراق ياخشى نېمەت.
دېدى ياقۇپ: ماڭا بۇلار كېرەكمەس،
پۇل، ئابروي بىرلە مەنسەپ بولسىلا بەس.
. . .

ياقۇپنىڭ مانا بۇ دىئالوگدا ئىپادىلەنگەن گەپ بىلەن سۈپەتلەش مۇمكىن بولمايدىغان پەسكەش خاراكتېرىگە گەپ توغرا كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ قانداق دادا ئىكەنلىكىنى ئەقىل قوبۇل قىلىپ بولالمايدۇ. مانا بۇ دىئالوگنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتابخان رابىيەنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ، ئۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى ياقۇپ، ياقۇپنىڭ پەسكەشلىكى ئىكەنلىكىنى ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ. شائىر ئەسەردە ياقۇپنىڭ بۇنداق پەسكەش خاراكتېرىنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە بايانى ئارقىلىق تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

ياشايتتى مەست بولۇپ دۇنياغا مەغرۇر،

تۇتاتتى ئۇ ئۆزىنى ھەممىدىن زور.

. . .

پىسەنت قىلمايتتى ئۇ ئىلمۇ ئەدەبنى،
پەقەت ئىستەيتتى بايلىق، نام، نەسەپنى.
كۆرۈنەتتى ئۇنىڭغا خار يوقسۇل،
پۈتۈن پىكرى خىيالىدا ئىدى پۇل.

. . .

ئەگەر ياقۇپتا بولسا ئىدى ئىنساپ،
قارا بولماي دىلى بولسا ئىدى ساپ.

. . .

لېكىن، ياقۇپتا بارتى بىر تەبىئەت،
قىلاتتى باي، ئەمەلدارلارلە ئۇلپەت.
ياراتمايتتى ئىبراھىمنى مۇقەررەر،
ئۆزىنى كۆرەتتى دارا ئىسكەندەر.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ياقۇپ مۇستەبىت ئائىلە باشلىقى، ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى، پەسكەشلىكىنى، زالىملىقىنى ئىشلىتىپ ئائىلە ئەزالىرىغا زۇلۇم سالىدۇ، ئۇلارنى خورلايدۇ، ئۇلارنىڭ پىكرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. قىسقىسى، ياقۇپ ئاشۇ دەۋردىكى زالىم بايلارنىڭ، ئادەمىيلىكىنى يوقاتقان رەزىل كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، شائىر بۇ ئوبرازنى ھەم نەپرەتلىك، ھەم ئىبرەتلىك قىلىپ ياراتقان.

ئەمدى جابىرغا كەلسەك، ئۇ زالىم بەگلەرنىڭ، ئىنسانىي خىسلىتى يوق كىشىلەرنىڭ، مۇھەببەت - ئەركىنلىك دۇشمەنلىرىنىڭ، ئۇچىغا چىققان نامەردلەرنىڭ ۋەكىلى. ئۇ ئۆزىنىڭ بايلىقىغا، زالىملىقىغا تايىنىپ رابىيەنى ئالماقچى بولىدۇ، رابىيەنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئۇ قاباھەتلىك

چۈشكە ئوخشاش بەربات قىلىنىۋېتىدۇ. ئۇ رابىيەنىڭ بايلىقىنى، مەنسەپكە ئەمەس، بەلكى ئېسىل قەلبكە كۆڭۈل بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. رابىيە بىلەن سەئىدىن ئۆز بەختى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلىنىۋاتسا، ئۇ زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىدۇ ھەم جاھىل، نادان، مەنمەنچىلىكىدىن چىقىپ، سەئىدىننى ئېغىر جازالىتىۋېتىدۇ. ئۇ مۇھەببەت ھەققىدىكى كۆز قاراشتا سەئىدىندىن مات بولۇپ قالىدۇ، لېكىن بۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيدۇ. نامەردلىك قىلىپ ئۇنى ھەتتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغۇزۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ پەسكەشلىكىنى، روھى جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى شائىر رابىيە بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

بىرى بەل باغلىدى قەتئىي ئۆلۈشكە،
بىرى خۇشتار تېخى ئويناپ كۈلۈشكە.
بىرى مېھرۇۋاپا ئىچرە يېگانە،
رەزىل نەپسانى خاھىشتىن بىگانە.
بىرى شەھۋانى نەپسىنىڭ ئەسىرى،
ۋاپا دۇنياسىنىڭ ئەكسى ۋە غەيرىي.
بىرى سۆيگۈ يولىدا چىن ۋاپادار،
بىرى مۇندىن خەۋەرسىز بىر جاپاكار.
بىرى يار ئىشقىدا كەچمەكتە جاندىن،
بىرى ئالماقچى بىر زەۋق بۇ جاناندىن.
. . .

شائىر جابىر ئوبرازى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ زالىملىقىنى، ۋەھشىيلىكىنى، نامەردلىكىنى پاش ۋە تەنقىد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن چىن ئىنسانىي مۇھەببەت پەقەت ئادەمىيلىك خىسلەت ـ پەزىلەتكە ئىگە ھەقىقىي ئاشىقلارغىلا خاس،

دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

داستاندا رابىيە ـ سەئىدىن ۋەكىللىكىدىكى ئىجابىي پېرسوناژلار بىلەن ياقۇپ، جابىر ۋەكىللىكىدىكى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر-ئالاھىدىلىكلىرى روشەن، كەسكىن قارمۇ قارشىلىقلارغا ئىگە قىلىنغان، خاراكتېرلاردىكى قارمۇ قارشىلىقلار ئارقىلىق زىددىيەت كۈچەيتىلىپ، سۇژېت قانات يايدۇرۇلغان. شائىر داستاندا يۇقىرىقى ئاساسلىق پېرسوناژلاردىن باشقا يەنە ئاز بولمىغان قوشۇمچە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان. سەئىدىنىنىڭ ئانىسى ئىبراھىم، رابىيەنىڭ ئانىسى، رابىيە بىلەن سەئىدىنلەرنىڭ يېقىن دوستى ھەسەن، سەئىدىنىنى قۇتقۇزۇشقا كۆپ كۈچ چىقارغان ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد زىيائىي بۇ ئوبرازلارنى ئەسەردە مۇھىم روللارنى ئويناتقۇزغان، شۇنداقلا ئۇلارنى روشەن خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئومۇملۇقلارغا ئىگە قىلىپ ياراتقان. شۇڭا، بۇ بىر قاتار پېرسوناژلارمۇ كىتابخانلارغا ئۆزگىچە، ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئابدۇرېھىم نىزارى ئوبرازى ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئوبراز ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشىدىكى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەت ئەسەرگە چەكسىز ھاياتى كۈچ بېغىشلىغان ھەم ئەسەرگە باشقىچە بىر ئېستېتىك قىممەت بەخش ئەتكەن. ئەسەردە سەئىدىنىنىڭ ئانىسى بىلەن رابىيەنىڭ ئانىسى پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنىدىغان، مېھرىبان ئاتا-ئانىلار سۈپىتىدە، ھەسەن ھەقىقىي ۋاپادار دوستلارنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

ئەھمەد زىيائىي پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشت ـ تەقدىرىنى شۇ دەۋر رېئاللىقىغا قويۇپ تەسۋىرلەشكە، ئۇلارنى سۆز ـ ھەرىكەتكىلا ئەمەس، مۇئەييەن ئىدىيە ـ ھېسسىياتقىمۇ ئىگە قىلىپ يېزىشقا ئەھمىيەت بەرگەن،

پېرسوناژلارنى يارانقاندا ئۇلارنى ھەم كەڭلىككە ھەم چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئارقىلىق مەلۇم پىكىر-مەنىنى گەۋدىلەندۈرگەن. شۇڭا، ئەسەردە يارىتىلغان پېرسوناژلار كىتابخانلارغا بىر خىل مۇكەممەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ ھەم چوڭقۇر بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. قىسقىسى، ئەھمەد زىيائىي مەزكۇر داستانى ئارقىلىق رابىيە بىلەن سەئىدىن ئوبرازىنى تېخىمۇ يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

«رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي ئۇنسۇرىنى مۇھەببەت ھېكايىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بولسا، يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي ئۇنسۇرىنى تارىخقا، فولكلورغا، ئەدەبىياتقا، مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە، شائىرنىڭ ئەخلاقىي - ئىدىيە تەشەببۇسلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىنى يېزىشقا قانچە ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، كېيىنكى تەركىبلەرنى يېزىشقىمۇ شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگەن، داستاندىكى مەزمۇن - سۇژېت تەركىبلىرى ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئوقۇلۇشچانلىقى ئاشۇرغان بولسا، تارىخ - مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەر ئارقىلىق ئەسەرنى رەڭدارلاشتۇرۇپ، كۆپ تەرەپلىمە ئۇچۇرغا ئىگە قىلىپ، ئەسەرنىڭ مەنا قاتلىمىنى كېڭەيتكەن. ئەسەرنىڭ بۇنداق تارىخ، مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تەركىبلىرى پۈتۈن ئەسەرنىڭ ناھايىتى مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

# 7. داستاندىكى تارىخقا مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەر

ئەھمەد زىيائىي ئالدى بىلەن رابىيە ـ سەئىدىن ھەققىدىكى بۇ قىسسەنى تارىخىي ۋەقە دەپ قارىغان ھەم داستاندا كۆپ قېتىم مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئۇنىڭ تارىخىيلىقىنى ئەسكەرتىپ ماڭغان:

. . .

قىلىشقا باشلىدى شۇنداق رىۋايەت،
بولۇپ ئۆتكەن، ئەمەس ياسىما ھېكايەت.
دېدى سۆزلەيمەن ئىشىق قۇربانلىرىدىن،
بۇ يۇرت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بالىلىرىدىن.
ئەگ ئەۋەل سۆزنى مەنبەدىن ئاچايلى،
ماكانىنى بۇ داستانىنىڭ تاپايلى.
بۇ قىسسە مەنبەئىنىڭ ئەسلى قەشقەر،
مۇبارەك، نازۇ نىئمەتلىك گۈزەل يەر.

. . .

ئاجايىپ ۋاقىئە ئۇچرايدۇ ئۇندا،
قەدىمى ئۇشبۇ تارىخىي ئورۇندا.
شۇ ۋاقىئەلەر بىرى بۇ داستاندۇر،
بۇ ھەقتە ئولبۇلۇڭكىم قىسسە خاندۇر.

. . .

شائىر رابىيە ـ سەئىدىن قىسسىسىنى مانا مۇشۇنداق تارىخىي

ۋەقە دەپ قارىغاچقا، ئەسەرنىڭ تارىخىي تۈسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەقسىتىدە بۇ قىسسە بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك باغلىنىشى بولغان بىرمۇنچە تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى داستاننىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، داستاننى مول تارىخىي مەزمۇنلارغا ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر داستان ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر پارچە تارىخىي داستانغا ئايلانغان. شائىر داستاندا نېمە ئۈچۈن تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە كۆپ ۋە ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ يېزىشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختالغاندا، ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن:

. . .

تۇرۇپ ئارىلاپ بەدىئىي گۈل - گۈلىستان،
كېتىپ بېرىپ يېزىپ، بىر ئىشقى داستان.
ئېچىشقا باشلىدۇق تارىخ بېتىنى،
بۇراپ سالدۇق قەلەمنىڭ تىزگىنىنى.
قەلەم تارتىلدى بۇياققا نېمىشقا،
تارىختىن ئۆتتى نىچۈن دۇر تىزىشقا.
سەۋەپ شۇكى ئوقۇلغاندا بۇ قىسسە،
قوشۇلسۇن ئۇڭا تارىختىن بىر ھەسسە.
نىچۇككىم ئالسالەر زەۋقى مۇھەببەت،
تارىخىي ئىزلىدىن ھەم ئالغاي ئىبرەت.
ئۇلار ئەجدادلىرى ھالىنى بىلسۇن،
شۇلاردەكلا يارامىلىق كىشى بولسۇن.
بۇنىڭدىن قەست، كىشى بولغىل دېمەكتۇر،
لايىق شەنىڭگە بىر ئىش قىل دېمەكتۇر.

. . .

شائىر مانا مۇشۇ سەۋەبتىن داستاندا تارىخ ھەققىدە كۆپ يازغان. مەزكۇر داستاننى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتابخان

يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامانلاردىكى تارىخى ھەققىدە مول بىلىملەرگە ئىگە بولالايدۇ. شائىر داستاندا تارىخ ھەققىدە يازغاندا ئۇنى نوقۇل تارىخشۇناسلىق ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى بەدئىي ئۇسۇل بىلەن، ئەسەردىكى سۇژېت ـ ۋەقەلىككە، پېرسوناژلارغا، شارائىت ـ ئورۇنغا مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ، بەزىدە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە بايانى ئارقىلىق، بەزىدە سۇژېت ـ ۋەقەلىككە سىڭدۈرۈپ يازغان. شائىر رابىيە ـ سەئىدىن ۋەقەسى قەشقەردە بولغان دەپ يازغاندا، قەشقەرنىڭ تارىختىكى ئورنى، ئوينىغان رولى، مەدەنىيەت ـ ئىلىم مەرىپەت تارىخىدىن سۆز ئېچىپ، قەشقەرنىڭ تارىخىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ بەرگەن. سەئىدىننىڭ قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تەپسىلاتنى يازغاندا، قەشقەرنىڭ مائارىپ تارىخىدىن سۆز ئېچىپ، قەشقەر مائارىپىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، ئوقۇتۇش ـ تەربىيەلەش سۈپىتى، تەسىرى، ئورنى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلارنى بەرگەن. جۈملىدىن شۇ مەزگىللەردىكى ئون ئالتە داڭلىق مەدرىس ھەققىدە مۇنداق يازغان:

قەدىمى بىر شەھەر بولغاچ بۇ قەشقەر،
ئۇزاقلاردىن بېرىتى ئىلىمپەرۋەر.
راۋاجلانغاچقا ئۇندا ئىلمۇ ئىرپان،
شۇڭا سانى بۇخارا دەپ ئاتالغان.
ئون ئالتە مەدرىسە مەۋجۇتتى ئۇندا،
ئىدى دارىلئۇلۇملار شۇ زاماندا.
. . .
بۇنىڭدىن باشقا يۈز ـ يۈزلەرچە مەكتەپ،
باراتتى باللىغا ئىلىم ـ تەئلىم ئەيلەپ.
دېسەم دارىلئۇلۇملارنى ئون ئالتە،

دىمەڭلار قىلدى لاپ سۆز بۇ جەھەتتە.
بىرىنچىسى، چاپان بازىرىدا ئەردى،
ئۇڭا كىرگەن ئىكەنلەر شەيخ سەئىدى.
ئىككىنچىسى مەدرىسە ساجىيە دۇر،
جامال قارشى سىرراھ ئۇندا يېزىپتۇر.
ئېرۇر ساقىيە مەدرىسەسى ئۇچىنچى،
چاھارسۇ مەدرىسەسى ئۇ، تۆتىنچى.
بەشىنچ، ئالتىنچىسىدۇر كونا ئوردا،
ياسالغانتى بۇ مەدرىسە شۇ ئورۇندا.
بۇلار خانلىق ۋە ۋاڭلىق ئاتلاتتى،
بىرى بىرىگە يانداش تۇراتتى.
يەتتىنچىسىنى دەيتتى ئوردا ئالدى،
سەككىزىنچىسى قوناق بازىرىدا قالدى.
ئىدى تاجى ھېكىم بەگنىڭ ئونىنچى،
يەنە لاي پەشتاق ئەردى ئون بىرىنچى.
ئون ئىككىنچىسى دۆڭ مەسچىتتە بولغان،
ئون ئۇچىنچىسى ھېيتكا دەپ ئاتالغان.
ئاپاق خوجا ئون تۆتىنچىسىدۇر،
بۇ مەدرىسەلەر پۈتۈن جايلاردا مەشھۇر.
يەنە ئۆستەڭ بويىدا ئىككىسى بار،
. . .

ئەھمەد زىيائىي ئۆزىنىڭ تارىخ ھەققىدە ھەقىقەتەن مول بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇپ، تارىخىي بىلىملەر ئارقىلىق كىتابخانلارغا نەپ بېرىش، داستانىنى كەڭلىككە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە يەنە داستانغا تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بولغان 18- ئەسىردىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، زوھورىدىن

ھېكىم بەگنىڭ قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ھەققىدىمۇ ئاز بولمىغان تارىخىي بايانلارنى يازغان. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا شائىر داستانىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى، داستانغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك باغلىنىدىغان تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تارىخىي يوسۇندا ئېنىق تاپشۇرغان. شائىر داستاندا يەنە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارىلىشى، ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى خوجا - ئىشانلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا كەلتۈرگەن ھەددى- ھېسابسىز بالايى- ئاپەتلىرى. . . ھەققىدىمۇ تارىخىي‌يوسۇندا بايان بېرىدۇ. شائىر يەنە قەشقەرنىڭ شۇ دەۋر تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدىغان قەشقەر سېپىلىنى سوقۇش ئەمگىكىگە ئەسەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ بىرى بولغان سەئىدىنىنى قاتناشتۇرۇپ، رابىيەنى بولسا ئابدۇرېھىم نىزارى، زوھورىدىن ھېكىم بەگلەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق داستانىنىڭ تارىخىي چىنلىق تۈسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. قىسقىسى، شائىر تارىخىي تەركىبلەرنى ئەسەرنىڭ قات - قېتىغا، پۈتۈن گەۋدىسىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن، شائىر بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن داستان ۋەقەلىكىنىڭ تارىخىي ۋەقە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن داستاننى تارىخىي تەركىبلەر بىلەن بېيىتىپ، جۇلالاندۇرۇپ، ئۇنى كۆپ قاتلاملىققا ۋە ئۆزگىچە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە قىلغان. دېمىسىمۇ، تارىخ — مەلۇم مىللەت، خەلق باشتىن كەچۈرگەن ئىجتىمائىي ھايات، ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار كۆرەش ۋە ھەرخىل قىممەتلەرنىڭ جۇغلانمىسى، شۇنداقلا خاتىرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆتمۈشنى ئەسلىتىش، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش، تەربىيىلەش، جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. شائىر تارىخنىڭ بۇنداق رولىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، خېلى يۇقىرى ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك

ئۇنۇمگە ئېرىشكەن.
ئەھمەد زىيائىي تارىخ ھەققىدە يازغاندا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى، باھا - قاراشلىرىنى سىڭدۈرۈپ يازغان. شۇڭا، تارىخ ھەققىدىكى بايانلار بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شائىرنىڭ ھېسسى تۇيغۇلىرى، پەلسەپىۋى - دىداكتىك قاراشلىرىمۇ بىللە بايان قىلىنىپ بارىدۇ:

. . .
قارا ئۇستۇڭدىكى نىلرەڭ بۇ ئۆگزە،
كى تۇرماس بىر نەپەس، بىر ھالدا لەھزە.
ئەمەس بىر ئۆگزە، بىر ئەينەك ئېرۇر ئۇ،
يامان، خاھ ياخشى بولسۇن، كۆرسىتەر ئۇ.
كىمكى ياخشىلىق يولىنى تۇتتى،
يولىنى ياخشىلىق بىرلە يورۇتتى.
بۇ ئەينەكتىن ئۆزىگە تاپتى ئەكس، ئۆز،
جۇلالاپ ئۆتتى ئۇ گوياكى يۇلتۇز.
ئۇلىكى قىلدى كەسىپ، ئۆزىگە يامانلىق،
ئۇڭا ھېچ بەرمىدى تارىخ ئامانلىق.
زامانلاردىن-زامانلار ئۆتسىمۇ گەر،
ئۇنى تارىخ يامان دەپ ياد ئەيلەر.
. . .

# 8. داستاندىكى فولكلورغا مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەر

ئەھمەد زىيائىي بۇ داستاندا تارىخقا مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەرنى يېزىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە فولكلورغا مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەرنى يېزىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان مەدەنىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان فولكلورغا مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەر شۇ ئەسەرنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى — مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ تەركىبلەرنىڭ تەتقىقات قىممىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، فولكلور — ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللىنىپ، مۇكەممەللىشىپ، داۋاملىشىپ كەلگەن كەڭ مەنىدىكى بىر خىل مەدەنىيەت ۋە مەنىۋىيەت تىندۇرمىسىدىن ئىبارەت. خەلقنىڭ فولكلور شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى خەلقنىڭ تارىخى، مەدەنىيتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، مەنىۋى ھاياتى، ئېتىقادى، ئىدىيىسى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك. مانا مۇشۇ تەرەپلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلغان شائىر مەزكۇر داستاننى فولكلور تەركىبلىرى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى مەدەنىيەت قىممىتىگە، ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان. دېگەندەك، فولكلور تەركىبلىرى ئەسەرنى باشقىچە ۋەزىنگە - قىممەتكە ئىگە قىلغان.

شائىر داستاندا:

ئېرۇر قەشقەركى ئۇيغۇرلار ماكانى،
چىرايلىق رەسىم ئادەتلەرنىڭكى كانى.
ئەگەر ئۇيغۇرلار تارىخى كۆرۈلسە،
ئۇنىڭ رەسمى-رەسۇمى تەكشۈرۈلسە،
ئايان بولىدۇ ناھايەت ياخشىلىقلار،
كىشىگە بەخت بېرۇچى ئۇز قىلىقلار.

دېگەندەك مىسراللارنى كۆپ يېزىپ، ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى مەنئۋى ھاياتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ رولىنى، ئەھمىيىتىنى تەرىپلىگەن. شائىر فولكلور تەركىبلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، ھەرخىل ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ئوينىلىش، ئېلىپ بېرىلىش جەريانىنى كۆڭۈل قويۇپ يېزىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىپ، بۇ ھەقتىكى قاراش، چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، شائىر خەلقىمىزنىڭ ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش ئادەتلىرىنى يازغاندا، بۇ ئويۇنلارنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

بۇلارنىڭ بىرى تارتىشماقتۇر ئوغلاق،
بولۇپ مەردانە سەكرەپ ئات چېپىشماق.
بىرى بىر-بىرلىرى بىلەن چېلىشماق،
يىقىلماق ياكى دۇشمەننى يىقىتماق.
بىرىدۇر دائىما ئوقيا ئېتىشماق،
بۇ يولدا زور مۇسابىقىلەر قىلىشماق.
ئويۇنمۇ بۇ؟ ئەمەس! بۇ نە دېمەكتۇر؟
ئۆزىن ئاسراشتا جەڭگىۋار كۆرەكتۇر.
شۇڭا، ئۇلار مۇشۇنداق رەسىم قىلىشقان،

ئېنىق مەۋسۇمدە مەرىكىلەر ئېچىشقان.

بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ داستاندا فولكلور تەركىبلىرىنى يېزىشتىكى ئاڭلىقلىقىنى ۋە بۇ ھەقتە يېزىشتىكى مەقسىتىنى ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شائىر داستاندا ئاساسلىق قىلىپ، تەكلىماكاندىكى ئوۋ ئوۋلاش پائالىيىتىنى، قەشقەردىكى ھەزرەت سەيلىسىنى، ئاتۇشتىكى «ھەزسۇلتىنىم» سەيلىسىنى، ھەزرىتى موللام سەيلىسىنى، نورۇز سەيلىسىنى، بۇ سەيلىلەردىكى پائالىيەت ـ تەرتىپلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن يازغان. شائىر بۇلارنى يازغاندا ئۇلارنى مۇنداقلا تەسۋىرلەپ قويۇش بىلەن بولدى قىلماي، بۇ ھەقتە زۆرۈر مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزگەن:

مانا بۇ سەيرىلەرنىڭ ھەممىسىدە،
سەۋەب بار، ئەل ساقلىغان مىڭىسىدە.
بۇنىڭ ھەممىسىدە تارىخىي سەۋەب بار،
بولۇر بىر قەترە ئىلىمدىن قىلسا ئىزھار.
نىچۇنكىم ئىلىم پايانسىز دېڭىزدۇر،
دېڭىز قاچقاي قەيەردىنكىم ئېگىزدۇر.
دېڭىز ھاسىل بولۇر ئۇ قەترىلەردىن،
بولۇر دىۋانلار ھاسىل سەترەلەردىن.
ئەڭ ئاۋال سۆز، سەۋەبلەردىن ئاچايلى،
بۇ ھەقتە ئاز-تولا يۈنجۈ ساچايلى.
بەزىلەر بارىنى دەيدۇ خۇراپات،
تەرەققىياتقا بۇنداق ئىشلار يات.
خۇراپاتمۇ بۇ سەيرى ھەممىسى؟ ياق!
بۇنىڭ ئادەت قىلىنغىنىغا قاراپ باق.
كۆپى بۇ سەيرىلەرنىڭ خاتىرىدۇر،

ئۆزىنىڭ شەۋكىتىدىن ئەسلەتتۇرەدۇر.

شائىر ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى يازغاندا، بۇ ھەقتە يۇقىرىقىدەك مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپ، ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن، پاسسىپ، خۇراپى تەرەپلىرىنى تارىخىي يوسۇندا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى، خەلقىنىڭ ئۇلارغا بولغان قارىغۇلارچە ئېتىقادىنى تەنقىد قىلغان. شائىر ئاپاق خوجا قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىشنى خۇراپاتلىق دەپ قارىغان، ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان:

بۇ ئاپاق خوجىنىڭكى دەپنەگاھى،
ئۇنى ئەللەر قىلىشقان سەيرگاھى.
خۇراپاتلىق مانا شۇ جايدا بولغان،
كىشىلەر بۇ تاۋاپتا يولدىن ئازغان.
كۆتۈشكەن يوق نىمىلەرنى بۇلاردىن،
تىلەشكەن ھاجىتىنى مۇشۇ يەردىن.
. . .
ئۆتۈپ بىرقانچە يىللار، كۆپلىگەن ئاي،
بۇ ئالىي غايەنى ئەل ئايرىيالماي،
چۆمۈپ كەتكەن خۇراپاتلىق قايىنىمىغا،
ئۇرۇشقان بېشىنى گۇمبەز تېمىغا.

ئەھمەد زىيائىي بۇنداق فولكلور تەركىبلىرىنى يازغاندا، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي يازغان. ئاپاق خوجا قەبرىسىگە تاۋاپ قىلىشنى ئاساس قىلغان ھەزرەت سەيلىسى ھەققىدە يازغاندا شائىر ئاپاق خوجىنىڭ كېلىپ چىقىشى، نەسەبى، ئۇنىڭ قانداق بولۇپ قەشقەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى،

قەشقەردىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى، خەلققە كەلتۈرگەن ۋەيرانچىلىقلىرىنى ۋە خەلقىنىڭ ئۇنىڭ مازىرىنى قانداق بولۇپ تاۋاپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا كۆرسىتىپ بەرگەن. فولكلور تەركىبلىرىنى يېزىشتىكى مۇنداق مۇكەممەللىك خەلقىمىزنىڭ بەزى تاۋاپ پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى، تارىخىنى بىلىشىمىزدە مۇھىم ماتېرىياللىق رول ئوينايدۇ، بۇ تەركىبلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. شائىر ئەسەردىكى فولكلور تەركىبلىرىنى ھەرگىز مەقسەتسىز، مۇنداقچىلا ئىشلىتىپ قويغان ئەمەس، ئۇ شائىرنىڭ مەلۇم ئىجادىيەت مۇددىئاسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

# 9. داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئەدەبىي ھايات

يۇقىرىدىمۇ تىلغا ئالغىنىمىزدەك، ئەھمەد زىيائىي «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى يازغاندا ئۇنى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدىكىدەك، ياكى ئۆزىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىدىكىدەك ئۇنداق نوقۇل مۇھەببەت ھېكايىسى سۆزلىنىدىغان ئەسەر قىلىپ يېزىشتىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. ئۇ ھەرخىل تەركىبلەر بىلەن بۇ داستاننى قامۇس خاراكتېرىدىكى ئەسەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇ داستانىنىڭ ئەڭ چوڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى ۋە شائىرنىڭ ئۆيغۇر داستانچىلىقىغا قوشقان چوڭ تۆھپىلىرىنىڭ بىرى مانا مۇشۇ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. شائىر داستاننى تارىخ، فولكلور تەركىبلىرى بىلەن بېزەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىي ھايات ھەققىدىمۇ مەخسۇس يازغان. شائىر ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۆزىمۇ ئالدى بىلەن بىر ئەدىب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەدەبىي ھاياتنى تېخىمۇ قىزغىن ھېسسىيات ۋە ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئەلۋەتتە، داستاندىكى ۋەقەلىك قەشقەردە بولغانلىقى ئۈچۈن شائىر قەشقەردىكى ئەدەبىي ھاياتنى، قەشقەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەرنى نۇقتىلىق يازغان.

ئەھمەد زىيائىي داستانىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا، قەشقەردە ياشاپ ئىجاد قىلغان مەشھۇر ئەدىبلەرنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرىنى ھۆرمەت ۋە

تەرتىپ بىلەن تىلغا ئالغاندىن كېيىن، مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

. . .

ئەدىبلەردىن جامالىدىن، زەلىلى،
ئىمامىدىن، سىراجىدىن، تەجەللى.
خوجا ياقۇپ، گۇمنام، مىرزا ھەيدەر،
قىدىرخانۇ، سەئىدخانۇ، قەلەندەر.
مۇھەممەت تۆمۈر، ئاخۇن موللا كالان،
مۇھەممەد سادىق، ئابدۇرەشىد خان.
قاسىمى، موللا سىدىق، موللا خامۇش،
مۇھەممەت ئابدۇلئەلى، موللا يۇنۇس.
زىيائىي، خىرقىتى، ئەرشى، سەبۇرى،
غېرىبى، خىسلىتى، فۇرقەت، نىزارى. . .
مانا شۇنداق ئۇلۇغ زاتلار بۇ يەردە،
كېتىپتۇ قالدۇرۇپ ئىزلار، كېتەردە.

. . .

شائىر بۇ مىسرالاردا بىزگە ئەدىبلەر تىزىملىكىنى شېئىرى شەكىلدە بېرىدۇ.

مەزكۇر داستانغا تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان 18-ئەسىردە قەشقەرگە زوھورىدىن ھېكىم بەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندى. زوھورىدىن ھېكىم بەگ ئىلىمپەرۋەر ھۆكۈمران بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرمۇنچە ياخشى سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەچكە، قەشقەردە ئەدەبىي ھايات تازا گۈللەنگەن، بىرمۇنچە داڭلىق ئەدىب - ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ مول، قىممەتلىك ئەدەبىي - ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات - ئىلىم ساھەسىنى جانلاندۇرغانىدى. ئەدەبىي ھاياتنىڭ بۇنداق جانلىقلىقى ھېسابتا شۇ دەۋرنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئەھمەد زىيائىي مەزكۇر داستانىدا بۇنداق

ئاللاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە ئاللاھـــــدە كۆڭ سەرپ قىلغان. شائىرنىڭ بۇ ھەقتىكى بايان ـ تەسۋىرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئاچايلى يەنە قەشقەر ھالىدىن سۆز،
ئىدى تارىخقا مىڭ ئىككى يۈز ئۆتتۈز.
زوھورىدىن ئىدى قەشقەرگە ھاكىم،
كېيىن يازىمىز بۇ تارىخلارنى بەلكىم.
بولۇپ ئۇ مەرىپەتپەرۋەر بىر ئادەم،
ئالىم، شائىرنى چۆرىسىگە قىلىپ جەم.
قەيەردە بولسا ئالىم ياكى شائىر،
كىمىكى بولسا بىر سەنئەتتە ماھىر،
بۇلارنى توپلىدى ئۆز ئوردىسىغا،
خاتىرجەم قىلدى ئالدى دالدىسىغا.
نىزارى كىم ئېتى ئابدۇرەھىمدۇر،
ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىباھادۇر.
زىيائىي ئىسمىدۇر موللا نورۇز،
ئەدىبلىك ئاسمىنىدا نۇرلى يۇلتۇز.
غېرىبى كىم ئېتىدۇر تۇردى نازىم،
قەلەمكەش بىر مۇسەننىپ، شائىر، ئالىم.
يەنە شائىر ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى،
ئىدى ئۇ شېئىرىيەتنىڭ تاجى، نۇرى.
يەنە قەشقەرلىك ئالىم موللا سادىق،
ھەقىقىي تەرجىمان ئىسمىغا لايىق.
قىلغاچ تەكلىپ زوھورىدىن بۇلەرگە،
كېلىپ ئوردا ئارا خىزمەت ئۆتەرگە.
غېرىبى ۋە زىيائىي ھەم نىزارى،

قىلىشتى مىرزىلىقنى ئىختىيارىي.
زوھورىدىنغا كاتىپلىق قىلىشتى،
قىممەتلىك كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىشتى.
قوبۇل قىلمىدى خىزمەتنى سەبۇرى،
ئۆتۈپ قالىدۇ دېدى ئىشتا قۇسۇرى.
قوشۇلۇپ موللا سادىق قەشقەرى ھەم،
ھاياتىنى ئىلىمغا بەردى ھەر دەم.
مۇشۇ مەشھۇر شائىرلار، ئالىملار،
قۇرۇپ سۆھبەت قىلاتتى بەزم ئۇلار.
قاچانكىم بۇلارغا يار بەرسە پۇرسەت،
قۇرۇپ بەزم بىر-بىرىگە بولۇپ ئۇلپەت.
ئىلىمنىڭ دېڭىزىدىن سۆز ئاچاتتى،
كىتابلار ئوقۇشۇپ شېئىرلار يازاتتى.

ئاشۇ يىللاردىكى ئەدەبىي ھاياتنى شائىر بايان تىلى ئارقىلىق مانا مۇشۇنداق جانلىق بايان قىلىپ بەرگەن. شائىر قەلىمى ئاستىدىكى بۇ ئەدەبىي ھاياتقا كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ھەۋىسى كېلىدۇ، بۇ ھەقتە يازغاندا شائىر ئۆزىمۇ ھاياجانلانغان. بۇنىسى ئەسەردە ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ. شائىر ئۆزىمۇ ئالدى بىلەن بىر مەرىپەتپەرۋەر بولغاچقا زوھورىدىن ھېكىم بەگنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، شۇنداقلا ئاشۇ مەرىپەتپەرۋەرلىكنىڭ نەتىجىسىدە قەشقەردە جانلانغان ئەدەبىي ھاياتتىن، شۇ مەزگىللەردە يېتىشىپ چىققان ئەدىب، ئالىملاردىن سۆيۈنۈشىنى ئىپادىلىگەن. ئەھمەد زىيائىي قەشقەردىكى ئەدەبىي ھاياتنى يازغاندا بىر تەرەپتىن يۇقىرىقىدەك بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ ئەدەبىي ھاياتنى جانلاندۇرۇۋاتقان ئەدىبلەرنى

ئەسەردە كونكرېت تەسۋىرلەپ، ئۇلارنى ئەسەر پېرسوناژلىرىغا ئايلاندۇرغان.

ئەھمەد زىيائىي قەشقەردىكى ئەدەبىي ھاياتنى يازغان ۋاقىتىدا، شائىرلارنىڭ مۇشائىرە سورۇنىدىن ئىبارەت بىر مەيداننى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى شائىر ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ يازغان. داستاننىڭ بىز يۇقىرىدا تەرىپىنى قىلغان قامۇس خاراكتېرى، سۈژىتتا مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەر بىلەن مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەرنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشتەك ئالاھىدىلىكى، شائىرنىڭ داستانغا تېخىمۇ كۆپ بىلىم، ئۇچۇر ئاتا قىلىشتەك خاھىشى ۋە باشقا بىرمۇنچە تەرەپلەر مۇشۇ ھەقتىكى تەپسىلاتتا ناھايىتى ئېنىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ يەردە بىز ئالدى بىلەن داستاندىكى مۇناسىۋەتلىك مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

. . .

بۇ كەلگەنلەر ئومۇمەن ئىدى تۆرت شەخس،
نىزارى بىرلە بەش تەن بولدىلەر بەس.
بىرسى موللا سادىق قەشقەرىتى،
ئۇلۇغ ئالىم مۇسەننىپنىڭ بىرىتى.
ئىككىنچىسى ئىدى شائىر، سەبۇرى،
ئۇ قەشقەر خەلقىنىڭ ئىلمىي غۇرۇرى.
ئۇچىنچىسى ئۇنىڭ ئەردى زىيائىي،
شائىر خۇشخەت ئىدى ئۇ ئىنتىھائى.
ئىدى تۆرتىنچىسى شائىر غېرىبى،
زامانەسىنىڭ ئىجادكار بىر ئەدىبى.
قوشۇلدى بۇلارغا ئەمدى نىزارى،
بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر ئىپتىخارى.
بۇ بەش شائىر قىلىشقان ئىدىلەر ئەزم،

قۇرۇشقا بۇ كۇنى خاس، ئۆزلىرى بەزم.

. . .

شائىر بۇ بەزمىنى — مۇشائىرە سورۇنىنى ناھايىتى جانلىق، مول مەزمۇنلارغا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىگەن. ئەھمەد زىيائىي مۇشائىرە قىلىشىۋاتقان ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردى ئاخۇن غېرىبى، ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى، موللا سادىق قەشقەرى ۋە نورۇز ئاخۇن زىيائىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىدۇ. ئەھمەد زىيائىي ئالدى بىلەن موللا سادىق قەشقەرى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ «تارىخ ئىسكەندىرىيە» ناملىق تەرجىمە ئەسەرنى قولدىن چىقارغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرگە قوشۇمچە قىلغان شېئىرىنى بىللە بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نىزارى ھەققىدە يېزىپ، نىزارى تىلىدىن «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدىكى لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ غەزەللىرىنى بېرىدۇ ۋە نىزارى ئىجادىيىتىدىكى بۇ نەمۇنىلەرنىڭ مۇنداق تەرىپىنى قىلىدۇ:

ئىشتىكەچ مەجلىس ئەھلى بۇ غەزەلنى،
دېيىشتى، تەسىرى ئالدى كۆڭۈلنى.
تىزىلغان نەزم يىپىغا ئۈنچە ـ مارجان،
گۈزەللىكتىن كۆڭۈللەر قالدى ھەيران.

. . .

ئەھمەد زىيائىي بۇ يەردىكى سەھىپىسىدە يەنە نورۇز ئاخۇن زىيائىينىڭ «ۋامۇق ـ ئۇزرا» داستانىنى ئەمدىلا تاماملىغانلىقىنى يېزىپ، داستاندىن پارچە بېرىدۇ؛ ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرىنىڭ غەزەللىرىدىن نەمۇنە كۆرسىتىدۇ؛ تۇردى ئاخۇن غېرىبىنىڭ ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلار ھەققىدە يازغان ئەسىرىنىڭ سورۇن

ئەھلىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى يازىدۇ. مۇشائىرىدە تەسۋىرلەنگەن بۇ تەپسىلاتنى بۇ داستانىنىڭ قىممەتلىك بىر تەركىبى قىسمى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر يېڭىلىق سۈپىتىدە كۆرۈش كېرەك. ئەھمەد زىيائىي ئۆزىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ماھارىتى بىلەن شۇ دەۋر شائىرلىرىنى ئەسەر سۈژىتىغا ماھىرلىق بىلەن ئېلىپ كىرىپ، ئەسەرنىڭ تارىخىي چىنلىق تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. شائىر بۇ يەردە يەنە بىر ماھارەت ئىشلىتىپ، قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇۋاتقان سەئىدىننى بۇ داڭلىق شائىرلار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇشائىرىسىگە قاتناشتۇرىدۇ. سەئىدىن ھەققىدىكى بۇ بىر تەپسىلات شائىر ئىلگىرى سۇرۇۋاتقان رابىيە - سەئىدىن ۋەقەسى تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ھەقىقىي ۋەقە، دېگەن قاراشنى تېخىمۇ ياخشى بەدىئىي چىنلىققا ئىگە قىلىدۇ. سەئىدىننى ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن شاگىرت - ئۇستاز سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئەسەر سۈژىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان شارائىت يارىتىدۇ. ئەھمەد زىيائىينىڭ بۇ داستانغا شائىرلار مۇشائىرىسىنى كىرگۈزۈشنى ئويلىغانلىقىدەك بەدىئىي دىتى، ئۇلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى ۋە بۇ ھەقتە يازغان تەسۋىر - بايانلىرى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ.

## 10. داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دىداكتىك پىكىرلەر

مەلۇم دىداكتىك پىكىر - ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش — ئەھمەد زىيائىينىڭ مەزكۇر «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى يېزىشتىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت مۇددىئالىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە شائىر داستاندا ئېنىق قىلىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

شۇڭا بۇ داستاننى ئوقۇغاندا،
گۈلىستاننى كېزىپ گۈل تاللىغاندا،
بولۇپ قالمايلا ئىشق ئەسرارىغا بەند،
ئېلىش لازىم ئۇنىڭدىن بىرقانچە پەند.

شائىر دەۋانقان «پەند» ئەمەلىيەتتە داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەند - نەسىھەتلەرنى، دىداكتىك پىكىر - ئىدىيىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شائىر بۇ ھەقتىكى پىكىرلەرنى ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۇقىرىقىدەك مىسرالىرى بىلەن كىتابخانلارنى بۇ مەزمۇنلارغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا چاقىرغان. شائىر داستاندا مەلۇم دىداكتىك پىكىر - ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەشكە ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، بۇنداق پىكىر- ئىدىيىلەرنى داستانغا باشتىن - ئاخىر دېگۈدەك سىڭدۈرۈپ بارغان. بۇ داستاننى يازغاندا شائىر بىر دىداكتىك شائىر سۈپىتىدە

ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ھەم بىر قاتار دىداكتىك پىكىر ـ ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنداقلا يەنە بۇ پىكىر ـ ئىدىيىلەرنى بىۋاسىتە بايان بىلەن ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شائىر داستانىنىڭ دىداكتىك پىكىر ـ ئىدىيىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى بايانچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇش، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بەزى سۇژىت تەركىبلىرىگىمۇ مۇراجىئەت قىلغان. داستاندا رابىيە بىلەن سەئىدىن قېچىپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئۇلارغا غايىبتىن پەيدا بولغان بىر مويسىپىت بوۋاي ئۇچرىشىپ، بۇ ياش ئاشىق ـ مەشۇققا نەسىھەت ـ تەربىيە بېرىدىغان بىر كۆرۈنۈش تەسۋىرلىنىدۇ، بۇ كۆرۈنۈشنى شائىر مەلۇم دىداكتىك ـ ئەخلاقىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش يۈزىسىدىنلا لايىھەلەپ ئورۇنلاشتۇرغان. چۈنكى، بوۋاي ئۇلارغا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

كىشى ئۈچۈن يۈز دوست ئاز، بىر دۈشمەن يامان،
بولغىلى بولماس ھېچ چاغدا دۈشمەندىن ئامان،
يوقىتىشقا دۈشمەننى تىرىشىڭلار ھەر ئان،
مۇمكىن قەدەر كىشىگە دۈشمەن بولماڭلار.

چېقىمچىلىق، غەيۋەتتىن بولۇڭلار يىراق،
مۇناپىقلىق، خىيانەت ئەڭ يامان ئەخلاق،
مۇنداق ئىشنى قىلغۇچىدىن ھايۋان ياخشىراق،
چېقىمچى، غەيۋەتچى، مۇناپىق بولماڭلار.

ياخشى بىلىڭلار بالىلىرىم ئاتا-ئانا قەدرىنى،
ياخشىلىق بىلەن ياندۇرۇڭلار باققان ئەجرىنى،

ئۇنتۇماڭلار ئۇلارنىڭ قويغان مېھرىنى،
ئاتا - ئانانى نارازى قىلغۇچى بولماڭلار.

ئۇلۇغلارغا قىلىڭلار ھەمىشە ھۆرمەت،
ئاجىزلارغا ھەر ۋاقىتتا قىلىڭلار شەپقەت،
ئامانەتكە قىلماڭلار ھەرگىز خىيانەت،
ۋەدە قىلىپ ۋاپا قىلماي قالماڭلار.
. . .

غايىبتىن پەيدا بولۇپ رابىيە - سەئىدىنگە نەسىھەت قىلىدىغان بۇ پىر بوۋاي ئەمەلىيەتتە شائىرنىڭ ئۆزى ياكى شائىرنىڭ ئەسەردىكى تىلى. مانا مۇشۇ نەسىھەتتىنلا شائىرنىڭ دىداكتىك، ئەخلاقىي پىكىر - ئىدىيەلەرنى ئىپادىلەشكە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق ھېس قىلالايمىز. بۇ يەردە شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، شائىر تەشەببۇس قىلىۋاتقان بۇ دىداكتىك پىكىرلەر ئوبرازلىق، جازىبىدار ئىپادىلىنىشتىن كۆرە، بىۋاسىتە، تۈز ھەم مۇنداقلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شائىر بۇ خىلدىكى مەزمۇنلارنى يېزىشتا ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى، ماھارىتىدىن كۆرە مەزمۇنىنىڭ گەۋدىلىنىشىگە ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمى - تەسىرىگە تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قارىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەردىكى باشقا لىرىك تەركىبلەردە، مەسىلەن، شائىر ئەسەرگە قىستۇرۇپ بەرگەن رۇبائىي، پارچە، قىتئەلەردىمۇ ئوخشاشلا دىداكتىك تۈسى قويۇق پىكىر-مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىز بۇ يەردە مىسال ئۈچۈن شۇلاردىن بىر قانچىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

خەتەرلىك نەرسە دۈشمەن غاپىل بولما ئۆزنى ئاسراشتىن،
بولۇر ھەر ئاغرىق ئاشتىن، ھەر بالا كەلسە قېرىنداشتىن.

ھاياتتا ئەقىل تەدبىرىنى كۆڭۈلدىن بەرمىگىل زىنھار،
چۈشەر قاپقانغا يولۋاس، بولسا غاپىل ئۆزنى ئاسراشتىن.

كەيىننى ئويلىماي ئىش قىلسا ئىنسان،
ئۈنىڭكى مېۋىسى بولغاي پۇشايمان.
قىلىپ خام ئىش، بولۇشتى داغى پەرزەنت،
قېلىشتى كۆزلىرى ياش، باغرىدا قان...

ھەر نەپەس مىڭ ئۆلگۈچە بىر يولى ئۆلگەن ياخشىراق،
دۈشمىنىلە يۈرگىچە يەرگە كۆمۈلگەن ياخشىراق.
گۈللىرىدىن ئايرىلىپ بېغى كېسىلگەن گۈل شېخى،
بىر يولى گۈلخان ئادا ئوتقا يېقىلغان ياخشىراق.

بۇنداق مىسرالار پۈتۈن داستاندا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق مىسرالار ھېسابتا شائىرنىڭ ھايات تەجرىبىلىرى، خۇلاسىلىرىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا شائىرنىڭ ياخشى كۆڭلىنىڭ ئىپادىلىنىشى. بۇنداق دىداكتىك مىسرالارنىڭ بەزىلىرى سۇژېت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بەزىلىرى شائىرنىڭ لىرىك ھاياجىنى بىلەن باغلىنىشلىق.

ئەھمەد زىيائىينىڭ داستانغا دىداكتىك تۈس بېرىشكە ئالاھىدە قىزىققانلىقى يەنە داستاننىڭ خاتىمىسىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شائىر داستان خاتىمىسىدە پۈتۈن داستاندىن دىداكتىك - ئەخلاقىي خۇلاسە چىقارغان، بۇ ئەسەرنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر ئۆزگىچىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر داستاننىڭ «تۈگەنچ» دېگەن بابىدا مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، بۇ مەزمۇنلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى تىلغا ئالىدۇ:

ئەمەستۇر بۇ ئۆزى ئاددىيلا قىسسە،
ئېلىش مۇمكىن ئۇنىڭدىن تولا ھېسسە.
ئۇنىڭدا زاھىرى قىممەت بىلەن تەڭ،
ئېرۇر مەۋجۇت قىممەتلىك مەنىۋى رەڭ.

. . .

ئۇنىڭدا يوشۇرۇنغان يۈنجى - گەۋھەر،
كۆڭۈل ئەينىكىدە ئەكس ئەتمىسە گەر،
ئۇنى جەلپ قىلسا يالغۇز زاھىرى گۈل،
كۆڭۈل بولسا مۇشۇ گۈللەرغىلا گول،
بۇنى ئەلۋەتتە ياقتۇرماس تەپەككۇر،
نەكىم پىكىر دېڭىزىدۇر، بەكمۇ چوڭقۇر.
تەلەپ قىلىدۇ پىكىر ئوبدان چۈشەنمەك،
جاۋاھىرلارنى ئايرىپ ياخشى بىلمەك.
شۇڭا، بۇ داستاننى ئوقۇغاندا،
گۈلىستاننى كېزىپ گۈل تاللىغاندا،
بولۇپ قالمايلا ئىشىق ئەسرارىغا بەند،
ئېلىش لازىم ئۇنىڭدىن بىرنەچچە پەند.

ئەھمەد زىيائىي داستانىدىكى ئاساسلىق سۇژىت ئاساسىدا خۇلاسىلەپ - يەكۈنلەپ چىققان پەندلەر مۇنداق سەككىز نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان:

بىرىنچى، ئىشىق نېمەدۇر، ئۇنى بىلمەك،
ھەقىقى سىر ۋە ئەسرارىن چۈشەنمەك؛
ئىككىنچى، ئىشىق ئېرۇر پاكىزە گەۋھەر،
ئېرىغدۇر ئۇ ئېرىغ بولماقنى ئىستەر.
ئۈچىنچىسى، ئاتا - ئانا بەرسە گەر پەند،

ئۇنى ئاڭلاش كېرەك ھەر چاغدا پەرزەند.
تۆتىنچىسى، ئاتا - ئانىمۇ بىلسۇن،
بالىنىڭ ئارزۇسىنى چۈشەنسۇن.
بەشىنچىسى، كىمكى بولسا ئاشىق،
ۋاپادارلىقنى ئۆزىگە كۆرگەي لايىق.
ئېرۇر ئالتىنچىسى، قىلماق جەسۇرلۇق،
يوقاتقاي بۇ بىلەن يەتكەندە خورلۇق.
ئېرۇر ئۇچرايدىغان يەتتىنچى ھېسسە،
ئۇنى ئەكس ئەتتۈرەر دىللاردا قىسسە.
قىلىشتۇر ياخشىلىقنى ئۆزىگە ئادەت،
بىلىشتۇر مۇشۇ ئادەتنى سائادەت.
يەنە بىر ھېسسە باردۇر بۇ داستاندا،
جۇلالاپ نۇر چاچار بۇ ھېسسە ئۇندا.
تۆرەلگەندۇر كىشى فىترەتتە ئازاد،
كىشى كۆڭلى ئەركىسىز بولمىغاي شات.
كۆرۈلگەندە، ئوقۇلغاندا بۇ قىسسە،
ئېلىنسا قىسسەدىن، شۇ خىلدا ھېسسە،
شۇ چاغدا زاھىرى زەۋققە قوشۇمچە،
ئېتەر بەخش مەئنىۋى بىر روھ گۈزەلچە.

...

شائىر يۇقىرىقى ھەر بىر نۇقتىنى كېيىنكى سەھىپىلەردە بىر بىرلەپ شەرھلەيدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي - دىداكتىك پىكىر - ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ بايان قىلىدۇ. بۇ داستانىنىڭ مۇئەللىپى بولغان ئەھمەد زىيائىي بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يۇقىرىقى پىكىر - ئىدىيىلىرى بىلەن يەنە دىداكتىك شائىر سۈپىتىدىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

# 11. داستاندىكى لىرىك تەركىبلەر

داستاندىكى لىرىك تەركىبلەر دېگەندە بىز ئاساسەن شائىرنىڭ داستانغا قىستۇرۇپ بەرگەن شېئىرى پارچىلىرىنى كۆزدە تۇتتۇق. شائىر داستاندا ئاز بولمىغان لىرىك تەركىبلەرنى بېرىپ، بۇ ئارقىلىق داستاننىڭ رەڭدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ھەم داستان مەزمۇنىنى موللاشتۇرغان. بىز داستاننىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بۇنداق لىرىك تەركىبلەرنى ئۇچرىتىپ بارىمىز. لىرىك تەركىبلەر ئادەتتە غەزەل، قىتئە، رۇبائىي، پارچە، مىسرا قاتارلىق ئەدەبىي شەكىللەردە كەلگەن. داستاننىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە خۇددى يۇلتۇزلاردەك پارلاپ تۇرىدىغان بۇ لىرىك تەركىبلەر ئەسەرنى روشەن كلاسسىك داستانلار ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. لىرىك تەركىبلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ھەر خىل، بەزىلىرى داستان ۋەقەلىكى، داستاننىڭ ئاساسى مەزمۇنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، يەنە بەزىلىرى بولسا ئۇنداق ئەمەس. داستاندىكى بۇ لىرىك تەركىبلەرنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن خېلى چوڭقۇر ھەم ماھىيەتلىك بولۇپ، ئۇلاردا شائىرنىڭ لىرىك ھېسسىياتى، مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدىكى مۇلاھىزە - مۇھاكىمىلىرى، ئەخلاقىي - پەلسەپىۋى پىكىرلىرى، ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ لىرىك تەركىبلەرنىڭ بەدىئىيلىكىمۇ خېلى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلاردا بەدىئىي پاساھەت ۋە ماھارەت ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ، شائىرنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى يارىتقان. داستاندىكى لىرىك تەركىبلەر ئاساسىدا ئەھمەد زىيائىينىڭ بىر شېئىرلار

توپلىمىنى تۈزۈش مۇمكىن، ئەگەر شۇنداق بىر ئەمگەك قىلىنسا، بۇ ئەمگەك نەتىجىسىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىر پارچە ئېسىل لىرىكىلار توپلىمىنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى شەكسىز.

«رابىيە ـ سەئىدىن» ئالدى بىلەن بىر پارچە مۇھەببەت داستانى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى لىرىك تەركىبلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان. شائىرنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى لىرىكىلىرى داستان سۇژىتىغا ياكى داستاندىكى پېرسوناژلارغا ماسلاشقان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مۇھەببەت ھەققىدىكى لىرىكىلاردا شائىر ھەقىقىي چىن ئىشقنى، ۋاپادارلىقنى ئۇلۇغلايدۇ، زامان زۇلمىنىڭ ئىشق ئەھلىگە كەلتۈرگەن زۇلمىدىن دادلىنىدۇ، رابىيە ـ سەئىدىندىن ئىبارەت بۇ ئىشق پىداكارلىرىنىڭ سەرگۈزەشت ـ تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ. تۆۋەندە داستاندىكى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن نەمۇنىلەر كۆرۈپ ئۆتىمىز:

ئىشق دەردىدە كىم، دەۋرىدە دەرمان تاپتى،
پەرھاتمۇ تىلەپ دەردكە داۋا، تاغ چاپتى.
تاپماي داۋا، ئىشق دەردىگە دەرمان ئىزدەپ،
تاھىرمۇ ئاخىرى باغراشقا قاراپ ئاقتى.

ئەقلىنىڭ بۇلبۇلى ئۇچراتمىدى ئىشقتەك گۇلىستانىنى،
بۆلەك ھېچبىر گۇلىستان، ئاچمىدى بۇ خىلدا رەيھانىنى.

لېكىن، شۇ نەرسىگە ئەپسۇس ئېرۇركىم بۇ گۇلىستاندا،
چىن ئىشق سۇرمىدى ھەرگىز، خۇشال بىرلەھزە دەۋراننى.

ئاجايىپ بىر گۇلىستانكىم، گۇلنىڭ ھىدلىرى ئەيلەر،

تۈزەلمەس ھالدا بىخوت، ئاشىقى-بۇلبۇل خۇش ئەلھانىنى.

بۇ گۈلزارنىڭ تاماشاچىلىرى ئۇچرار ئەجەب دەردكە،
پەلەكمۇ يانچۇقىدا قويمىغان بۇ دەردكە دەرمانىنى.
. . .
داۋانى ئىستىگەنلەردۇر خەۋەرسىز مۇشۇ ئەسراردىن،
تاپالمايدۇ داۋا دەردكە ئەگەرچە تاپسا لوقمانىنى.

داستاندىكى لىرىك تەركىبلەر ئىچىدە رابىيەگە بېغىشلانغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. يۇقىرىدىمۇ تىلغا ئالغىنىمىزدەك، ئەھمەد زىيائىي رابىيە ئوبرازىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ياراتقان، رابىيەنى ئەڭ ياخشى تەرىپلەر بىلەن تەرىپلەپ، ئەڭ يېقىملىق سۆزلەر بىلەن سۈپەتلىگەن. شائىرنىڭ رابىيەگە بولغان ھېسسىياتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى رابىيە ھەققىدە يېزىلغان ھەر بىر مىسرادىن ناھايىتى ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. شائىر داستانىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىدە رابىيە ھەققىدە كۆپ يېزىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە لىرىك تەركىبلەردىمۇ رابىيەنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى، باي روھى دۇنياسىنى، قەيسەر خاراكتېرىنى كۆپ تەرىپلىگەن. بولۇپمۇ شائىر ئۇنىڭ قەيسەر خاراكتېرى، ھەقىقىي ئاشىقلارغا خاس ۋاپادارلىقىنى مەدھىيىلەپ، ئۇنى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۈلگىسى، تىللاردا داستان بولۇشقا مۇناسىپ مەشۇق دەپ قارىغان. ئۇ رابىيە ھەققىدىكى لىرىكىلارنىڭ بىرىنى مۇنداق يازغان:

ئى پەرى ئايدۇر خىجىل، ھەر لەھزە رۇخسارىڭ كۆرۈپ،
ھۆسن باغبانى قىلۇر رەشىك، ھۆسن گۈلزارىڭ كۆرۈپ.

دىل قارا ۋەھشىي رەزىللەر بىر قىيا كۆز سالمىدى،
چىن مۇھەببەت ئالىمىنى قوزغىغان زارىڭ كۆرۈپ.

سەن ماڭا سۇندۇڭ ۋاپادىن دەستە-دەستە گۈل ئۈزۈپ،
قالدى ھەيران بۇ پەلەك، قىلغان ۋاپالىرىڭ كۆرۈپ.

قىلمىسۇنكىم ساڭا تەھسىن، ئاپىرىن قەشقەر قىزى،
ئەھد ۋاپا گۈلزارىدىن ئۈزگەن بۇ گۈللەرىڭ كۆرۈپ.

قۇل ئېرۇر مىڭ دىل ساڭا لېكىن ئەمەس ھۆسنىڭ ئۈچۈن،
بەلكى قۇلدۇرلەر ۋاپالىق، رەڭگى رۇخسارىڭ كۆرۈپ.

شۇنىسى بىزنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىمىزنى قوزغايدۇكى، ئەھمەد زىيائىي رابىيە ھەققىدىكى لىرىكىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ناھايىتى ياخشى يازغان، بۇ ھەقتىكى لىرىكىلار قىزغىن ھېسسىيات، ھۆرمەت - قايىللىق، ھېسداشلىق قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان. شائىر رابىيە ھەققىدىكى ھەر بىر ھالقىلىق مەسىلىگە تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن قارىغان، ھەتتا رابىيەنىڭ سەئىدىن ئوقۇشقا كەتكەن چاغدىكى ئۈنىڭدىن ئايرىلىش ئازابى پەيدا قىلغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپمۇ مۇنداق بىر پارچە ئېسىل لىرىكا تۈزگەن:

گۈزەل قىز كۆڭلىنى باستى ئۆزى بىلمەيدىغان بىر غەم،
ۋۇجۇدى گۈللىكىنى چەيلىدى قىلدى تامام بەرھەم.

ئېقىپ نەرگىس كۆزىدىن گۈل يۈزىگە قەترە-قەترە ياش،
قىزىل گۈل بەرگىگە ئانداقكى قوندى دانىئىي شەبنەم.

دىلىدا ئوت، كۆزىدە ياش ۋە لېكىن شۇ ئاجايىپكىم،
بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى ئارتتى، قويۇلغانسېرى كۆزدىن نەم.

كېچەك ساچىغا ئوخشاش كۆڭلىگە مىڭ-مىڭ تۇگۇن چۈشتى،
قەيەردە بىر تېۋىپكىم قىلسا ئىشقىنىڭ دەردىگە مەلھەم.

بولۇر ھەر دەردكە بىر دەرمان ۋە لېكىن سۆيگۈ دەردىگە،
ۋىسالدىن باشقا بىر ئەمچى قىلالامدۇ ئۇنىڭغا ئەم.

يېتەمدۇ يار ۋەسلىگە، كېتەمدۇ ياكى ئارماندا،
مۇھەببەت ئەھلىگە بۇ سىر ئىرۇر سىرلار ئارا مۇجھەم.

داستاندىكى لىرىك تەركىبلەردە يەنە شائىرنىڭ ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ مۇلاھىزىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەخلاقىي - دىداكتىك تۈس، بەزىلىرى پەلسەپىۋى تۈس ئالغان. شائىر بىر قىتئەسىدە ھاياتلىق ھەققىدىكى ئىزتىراپلىق قارىشىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ئەجەب بىر سىركى، دۇنيادا مۇرادىڭچە يۇرەلمەيسەن،
جاھان گۈلزارىدىن كۈتكەن گۈلۈڭنى ھېچ ئۈزەلمەيسەن.
دىلىڭغا بىمۇراتلىقتىن تىكەنلەر سانجىلۇر ھەردەم،
يانا ئۈشبۇ تىكەنلەردىن ئۈمىدىڭنى ئۈزەلمەيسەن.

يەنە بىر غەزىلىدە شائىر ھاياتقا مۇنداق قارايدۇ:

پەلەك تاقىغا ھەر تاڭ كەچ، شەپەقتىن خەت يازار دەۋران،
ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇدۇركىم، بۇ كۈن تاڭلا ئەمەس يەكسان.

سولاشقان ۋاقىتسىز قانچە چىرايلىق ياشنىغان گۈللەر،
قۇرۇق قاقشال بولۇر ئاخىر باراقسان كۆكلىگەن ئورمان.

باھار، كۈز، قىش ۋە ياز، كۈن، تۈن، سوغۇق، ئىسسىق،
قېرى، ياشلىق. . .
مۇشۇنداق بىر ئۆزگىرىشچان مۇھىت ئىچرە ياشار ئىنسان.

كىشى تەدبىر قىلۇر ئەمما، بۇ تەدبىر ھەم يانا چەكلىك،
دېمەك كۆك قەسرى ئاستىدا ھايات سۈرمەك ئەمەس ئاسان.

شۇڭا تاڭغا ئوخشاش دەۋراندىن نېمە يۈز بەرسە سەن كۆلگىل،
نەكىم دۇنيا ھەمىشەدۇر ماكانى ئارزۇ - ئارمان.

ئەھمەد زىيائىي بىر ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر. ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلققە بولغان چەكسىز ھۆرمىتى، مۇھەببىتى، مەسئۇلىيەتچانلىقى داستاندا خېلى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. شائىر ۋەتەن، خەلقنى ئوتلۇق ھېسسىيات بىلەن مەدھىيىلىگەن، كۈيلىگەن، ئۇنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپ تەرىپلەرنى قىلغان، شۇنداقلا يەنە خەلقىمىزنىڭ شۇ دەۋردىكى جاھالەتلىك، زۇلمەتلىك رېئاللىقىغا ئېچىنىپ، ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىپ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش مەسىلىلىرى ھەققىدە ئويلانغان. تارىخ بىلەن رېئاللىقنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، خەلقنى ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا، گۈزەل كېلەچەك يارىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان. شائىرنىڭ داستاندا يازغان مىللەت ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرى ھەقىقەتەن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شائىر بۇ ھەقتىكى بىر لىرىكىسىدا مۇنداق

بازغان:

ئى ئۇيغۇر شانلىق تارىخىڭ پۈتۈن تىللاردا داستاندۇر،
جاھان تارىخىدا ئۆچمەس قىلىپ مەڭگۈ يېزىلغاندۇر.

قەدىملىكتە مىلادىنى ئارتتا قالدۇرۇپ كەتكەن،
نەچچە ئون ئەسىر مۇقەددەم دەۋر تاشىغا ئويۇلغاندۇر.

بۈيۈك ئەجدادلىرىڭنىڭ ئىجتىھادى ئەمگىكى بىرلە،
باياۋان، تاغ، قۇملۇقلار، بۈگۈن ئاۋات گۈلىستاندۇر.

مەن ئۇيغۇرمەن دېگەن نام بىرلە ماختانساڭ تامام ئەرزىر،
نەكىم ھەر ساھەدە بىر ئىقتىدار سەندە نامایاندۇر.

سىنىڭدە خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشاش كاتتا شائىرلار،
قەلەمكەشلەر بۈنىڭدىن ئون ئەسىر ئاۋال يارالغاندۇر.

خىجىل قىلىپ مۇھەببەت ئالىمىدە لەيلى - مەجنۇننى،
رابىيە - سەئىدىنگە ئوخشاش ئىشق قۇربانى كۆرۈلگەندۇر.

ئاتام شۇنداق ئىدى دەپ ماختىنىپ يۈرسەڭلا ئىش پۈتمەس،
ئۇلار شۇ شانۇ شەۋكەتنى غەيۇرلۇقتىن قازانغاندۇر.

## 12. داستاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغلىنىشى

كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدىبلەرنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ياشاپ كاتتا ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەن، روشەن ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان كلاسسىك ئەدىبلەردىن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئۆگىنىشى، ئىلھاملىنىشى ئەدەبىيات تارىخىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ خېلى گەۋدىلىك ھالدا مەۋجۇت. ئوخشىمىغان دەۋر ئەدىبلىرى ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىدىغان بۇنداق مۇناسىۋەت يالغۇز ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىياتشۇناسلىق ئۈچۈنمۇ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈنكى زاماندا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلىرىمىز ئىچىدە كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ئۆلگە ئېلىشى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغانلىرىنىڭ بىرى ئەھمەد زىيائىي بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە بىز يۇقىرىدا مەخسۇس توختالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن بولغان ئەدەبىي مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى قويۇق. ئەھمەد زىيائىي يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بۇ شاھانە ئەسىرى بىلەن 40- يىللاردىلا تونۇشقان. بۇ ھەققە

ئەھمەد زىيائىي ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «. . . شۇنداق قىلىپ 1948- يىلى مەن مەركــــزى قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، نەنجىڭگە سەپەر قىلدىم. نەنجىڭگە بېرىش ئۇچۇن ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە، مېنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلىدىغان مۇنداق بىر ئىش بولدى: مەن ئەقلىمگە كېلىپ شۇ كۈنگىچە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋە كۆرەلمىگەن ئىككى نادىر ئەسەر — ‹تۈركى تىللار دىۋانى› بىلەن ‹قۇتادغۇ بىلىك› نى ئۈرۈمچىدىكى ‹يۇسۇپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى› دا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر - تۈرك تارىخىغا ئائىت كىتابلار بولۇپ، شۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە ‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ پەرغانە نۇسخىسى، ‹تۈركى تىللار دىۋانى› نىڭ مىسىر نۇسخىسىدىن ئۈچ توم بار ئىكەن. مەن نەنجىڭگە بېرىشتىن بۇرۇن شۇ كۇتۇپخانىدا ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم شۇ گۆھەر ئابىدىلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. كېيىنكى چاغلاردا بىز ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن ‹تۈركى تىللار دىۋانى› بىلەن ‹قۇتادغۇ بىلىك› شۇ كۇتۇپخانىدىكى كىــتابلار ئاساسىدا ئىشلەنگەن.» ئەھمەد زىيائىينىڭ بۇ ئەسلىمىسىدىن بىز ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىنى بىلەلەيمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» نى تىلغا ئالغان چاغدىكى ھاياجانلىق ھېسسىياتــــــىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئەھمەد زىيائىي كېيىن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى، مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، نەتىجىدە بۇ شائىرغا، بۇ شاھانە ئەسەرگە بولغان ھۆرمىتى، قايىللىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇڭا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» دېسە ھاياجاندىن ئەھمەد زىيائىينىڭ قەلبى لەرزىگە كېلىــــپ

كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالمىساق بولمايدۇ.

ئەھمەد زىيائىي «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسمىنى كۆپ يەردە تىلغا ئالىدۇ. ئۇ قەشقەردىن چىققان ئالىم ـ ئەدىبلەر ھەققىدە سۆزلەپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا كەلگەندە قاتتىق ھاياجان بىلەن مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

ئۆتۈپتۇ قانچە ـ قانچە دەۋر ـ دەۋران،
بېرىپ قەشقەردە مېۋە ئىلىم ـ ئىرپان.
ناھايەت كۆپ ئەدىب ـ ئالىم يېتىشكەن،
يېزىپ نادىر ئەسەرلەرنى كېتىشكەن.
بۇ جايدا پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
خەزىنە يادىكار قىلغان ئاجايىپ.
يېزىپ چىققان ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نى،
قىلىپ پەزلىگە قايىل كۆپچىلىكنى.
دېسە دۇر، دۇر ئەمەس قىممەتتە شۇنچە،
دېسە بال، بال ئەمەس لەززەتتە ئۇنچە.
باھار دېسە باھارنىڭ بار خازانى،
دېسە گۈل يوق قىلالماس كۆزلەر ئانى.
خازانسىز مانا شۇنداق بىر گۈلىستان،
ئۇنۇپ قەشقەردە بولغاندۇر باراقسان.
ئۇنى تەڭلەشتۈرۈپ بولماس قۇياشقا،
ئەسەرنىڭ تەسىرى، قىممىتى باشقا.
. . .

يۇقىرىقى مىسرالاردىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئەھمەد زىيائىينىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» كە بولغان

چەكسىز ھۆرمىتى، قايىللىقى ۋە كۈچلۈك ھاياجىنىنى باشقا شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ دەرىجىدە ئۇنداق روشەن، گەۋدىلىك ئۇچراتماق ھەقىقەتەن تەس. يەنە شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى، ئەھمەد زىيائىي داستانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئالىمى، داڭلىق شائىرى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ ئۇستازى، ئۈلگىسى سۈپىتىدە كۆرگەن. شۇنداقلا «قۇتادغۇ بىلىك» نىمۇ ھاياتلىقنىڭ پەلسەپىۋى دەستۇرى، كىشىلەرگە توغرا يول كۆرسەتكۈچى ماياك سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن داستاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نامىنى چەكسىز ھۆرمەت بىلەن كۆپ تىلغا ئالىدۇ ھەم داستاننى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئېسىل نەزمىلىرى بىلەن زىننەتلەيدۇ. پۈتۈن داستاندا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مىسرالىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» پارچىلىرىنى شائىر داستاننىڭ ھەر بىر بابىغا ئېپىگراف قىلىپ ئالىدۇ ياكى بابلارنى «قۇتادغۇ بىلىك» نەزمىلىرى بىلەن خۇلاسىلەيدۇ. زۆرۈر تېپىلغان جايلاردا:

«كېرەك بىلمەك نە ئېيتىلغان بۇ ھەقتە،
بۇيۇك مىراس ‹قۇتادغۇ بىلىك› تە.»

دېگەندەك مىسرالارنى قىستۇرۇپ، كېتىپ بېرىۋاتقان سۆزىنى، مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلىنى ۋە باشقىلارنى «قۇتادغۇ بىلىك» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھايات ھەقىقەتلىرى، پەلسەپىۋى - ئەخلاقىي پىكىر - ئىدىيىلەر ئاساسىدا چۈشەندۈرىدۇ ياكى شەرھلەيدۇ.

ئەھمەد زىيائىي داستانىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىغا كەلگەندە، قېرىلىقتىن زارلىنىپ، ياشلىقنى سېغىنغاندا يەنىلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تىلغا ئالىدۇ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» تە شۇ ھەقتە يېزىلغان نەزمىلەردىن تەسەللى تاپىدۇ:

نە سود! قانچە چەكسەڭمۇ ھەسرەت - نادامەت،
نەچە چەكسەڭ ئاھ دەردتە، ئۆزنى يادائتىڭ.

. . .

بوۋاڭ خاس ھاجىپمۇ يېگەن كۆپلەپ ئەپسۇس،
«قۇتادغۇ بىلىك» نى ئوقۇغان بولاتتىڭ؟

. . .

بوۋاڭمۇ ئۆتۈپتۇ چېكىپ شۇنچە ھەسرەت،
سەن ئەمدى ئېچىنىپ نېمەمۇ تاپاتتىڭ؟!

سەن ئەمدى ئېسىلغىل ئىجات رىشتەسىگە،
شۇ رىشتىنى تۇتساڭ ئۆمۈرنى ئۇزارتتىڭ.

ئەگەر پايدىلىق بىر ئىجاد قىلا ئالساڭ،
يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش مەڭگۈ ياشايتتىڭ.

# 13. شائىرغا، داستانغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇچۇرلار

ئەھمەد زىيائىي مەزكۇر داستاندا بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن مەلۇماتلارنى بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىگە، جۈملىدىن بۇ داستاننى يېزىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئۇچۇرلارنى بەرگەن، شۇنداقلا يەنە ئۆزىنىڭ مەزكۇر داستان ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر داستاندا ئۆزى ھەققىدە يازغان ۋاقتىدا ئومۇمەن ھاياتىنىڭ ۋەتەن - ئەل ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەي، تىلغا ئالغۇدەك تۆھپە قوشالماي مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدۇ ھەم مۇشۇ داستاننى يېزىش ئارقىلىق ھاياتىدىن ئىز قالدۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

قەلەندەر كەل، ساپايىڭنى جاراڭلات،
دىلىمنى داغى غەپلەتتىن يىراقلات.
ئېرۇرمەن بىر ھەۋەس لېيىغا پاتقان،
بولۇپ غاپىل ماڭار يولىنى يوقاتقان.
نە بىر خىزمەت قىلالمىدىم ئېلىمگە،
نە بىر ھەسسە قوشالمىدىم بىلىمگە.
تۇغۇلۇپمەن ھەجەبمۇ شۇم پېشانە،
مالامەت تېشىغا بولدۇم نىشانە.

ۋەتەن گۈلزارىغا بىر قويمۇدۇم سۇ،
مېنىڭدىن رازى بولماس بىلىمەن ئۇ.
قىلالمىسامىمۇ خىزمەت ئۇڭا گەرچە،
دىلىمدا ساقلىدىم مېھرىنى شۇنچە.

. . .

شۇڭا، كۈيلەپ ۋەتەنىنىڭ ئاشىقىنى،
قىلاي دەپ ئۇنۇتۇلماس تارىخىنى.
چۈمۈپ پىكىر دېڭىزىنىڭ قايىنىمىغا،
ئۇلاپ تاڭنى شۇ تاڭنىڭ ئاخشىمىغا.
گۈلۈ گۈلشەن تاماشاسىنى تاشلاپ،
قەلەم قولدا، نەدەي دەپ باشىنى قاشلاپ.
كېتىپ بارارمەن تۈزۈپ قۇرلارنى بەتتە،
قالاي خىزمەت قىلىپ دېگەن نىيەتتە.

شائىر يەنە داستاننىڭ مۇناسىپ جايلىرىدا ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن قىممەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنىمۇ لىرىك چېكىنمە سۈپىتىدە بايان قىلغان. بۇنداق بايان ئەسەردىكى مۇھىم بىر ئۇچۇر سۈپىتىدە ھەقىقەتەن مۇھىم روللارنى ئوينىغان. مىسال ئۈچۈن بىز 5- بابتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سەئىدىنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان چاغدىكى روھى ھالىتى بىلەن شائىر ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغانلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ يازغان مۇنۇ پارچىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ باقايلى:

ئۆلۈم خەۋپى كىشىنىڭ باشىغا چۈشسە،
ئۇڭا ئۆلتۈرۈش خەۋىرى يېتىشسە،
قېتىپ قالىدۇ بولۇپ ئۇ بىر قاتتىق تاش،
تېمىمايدۇ كۆزىدىن، تامچىمۇ ياش.

بۇ داستاننى يېزىۋاتقان ئاجىز قۇل،
كەچۈردى مۇشۇ ھالنى ئۈچ قېتىم ئۇل.
پەقەتلا چىقتى ئاھ دەردلىك يۈرەكتىن،
ئۆزىنى توستى ئارتۇق سۆز دېمەكتىن.
. . .

شائىر داستاندا يەنە داستاننىڭ بىۋاستە بايانچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ داستاننى يېزىش جەريانىدا بۇ ۋەقەلىك ھەققىدە تېخىمۇ ئەمەلىرەك، مولراق بىلىم، چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش مەقسىتىدە رابىيە - سەئىدىن قەبرىسىنى يوقلىغانلىقىنى، شۇ مەھەللىدىكى پىشقەدەم دېھقانلارنى زىيارەت قىلىپ، بۇ ھەقتە ماتېرىيال ئىگەللىگەنلىكىنى مەخسۇس سەھىپىدە تىلغا ئالغان.
ئەھمەد زىيائىي بۇ داستانىدا يەنە نېمە ئۈچۈن رابىيە بىلەن سەئىدىن ھەققىدىكى بۇ مۇھەببەت قىسسىسىگە شۇنچىلىك قىزىقىپ قالغانلىقىنى ۋە بۇ قىسسە ئارقىلىق قانداق ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى ئىكەنلىكىنىمۇ داستان سەھىپىلىرىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان:

نە ھاجەت لەيلى - مەجنۇن دەپلا يۈرمەك؟
ۋە يا پەرھادى شىرىننى كۆتۈرمەك؟
ئۆزۈڭنىڭ ئاشىقىنى ئويلىمامسەن؟
ئۆلارنىڭ سۆيگۈسىنى كۈيلىمەمسەن؟
ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئويلايمەنكى شۇلدۇر:
ئۆزى ۋە نەرسە سىلە بولسا مەغرۇر.
ۋاپاسىز جاھان ئۇ ياخشى ئۇقساڭ،
كېتەرسەن ئاخىرى ھەرقانچە قىلساڭ.
ئۆلەرسەن تاشلا دۇنيانى دېمەيمەن،

تىرىش، ياخشى ياشا دۇنيادا دەيمەن.
مېنىڭ پىكرىم ۋە قەستىم شۇ ئەزەلدىن،
لېكىن، دەيمەنكى ئەۋەلرەك ئەجەلدىن،
ئۆزۈڭدىن قالدۇرۇپ كەت ياخشىراق ئىز،
يوقاپ كەتمە جاھاندىن، ئۆزۈڭ ئىزسىز.
شۇڭا، كۆيلەپ ۋەتەنىنىڭ ئاشىقىنى،
قىلاي دەپ ئۇنتۇلماس تارىخىنى.
...

ئەھمەد زىيائىي يەنە داستان سەھىپىلىرىدە، بۇ ئەسەرنىڭ تۇمەن مىسرادىن تەشكىل تاپقانلىقىنى، ئۇنىڭ بەش ئايدىلا پۈتۈپ قولدىن چىققانلىقىنى، ئىجادىيەتتىكى بۇنداق تېز سۈرئەت ۋە كاتتا نەتىجىگە ئۆزىنىڭمۇ ھەيران قالغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ داستانىنىڭ ئۆز ئۆمرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزگەنلىكىنى يېزىپ كېلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىدە مۇشۇنداق كاتتا بىر ئەسەرنى يېزىۋالىغانلىقىدىن خۇشال بولغان، پەخىرلەنگەن، شۇنداقلا دۇنيادىن ئەمدى ئارمانسىز كېتىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.
ئەھمەد زىيائىي ئۆزىنىڭ بۇ داستانىنى يۇقىرى باھالىغان. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئاشىق - مەشۇقلار قىسسىسىنى ھەقىقەتەن تىپىك ئەھمىيەتكە، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە دەپ قارىغان، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن تارىخقا، مەدەنىيەتكە، ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى، پەلسەپىۋى، دىداكتىك پىكىر - ئىدىيلەرنى ۋە باشقا تەركىبى قىسىملارنى داستانىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى سۈپىتىدە ئىگەللەشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۆزىنىڭ بۇ ئىجادىيىتىنىڭ ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شائىر بۇ داستانىنى خازانسىز بىر گۈلىستان دەپ قارايدۇ:

كۆڭۈلنىڭ ئىشقى دەيدۇ: ئۇشبۇ داستان،

خازانىسى مەڭگۈلۈكتۈر بىر گۈلىستان.
قوبۇل قىلماس ئۈنىڭ كۈزىنى باھارى،
چاچار خۇش ھىد داۋاملىق لالىزارى.

ئەھمەد زىيائىي يەنە كلاسسىك داستانچىلىق ئۇسۇلىدىن مېڭىپ، داستان يېزىلغان ۋاقىتنى ئەبجەد ھېسابى شەكلىدە بەرگەن. يېڭى دەۋر داستانچىلىقى ئۈچۈن بۇ بىر يېڭىلىق.

## 14. داستاننىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى

ئەھمەد زىيائىي بۇ داستاننى يېزىشتا ئۇنىڭ شەكىل ئامىللىرىدىن كۆرە مەزمۇن ئامىللىرىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن، شۇڭا داستان رابىيە - سەئىدىن ھەققىدىكى ھېكايە مۇكەممەل بايان قىلىنغان، باشقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەلۇم چوڭقۇرلۇققا، كەڭلىككە، كۆلەمگە ئىگە بولغان، ئىجتىمائىي - تەربىيىۋى ئەھمىيىتىمۇ گەۋدىلىك بولغان قامۇس خاراكتېرىدىكى بىر ئەسەر بولۇپ پۈتكەن. شۇنداقتىمۇ بۇ داستاننىڭ بەدىئىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاز ئەمەس. شائىر بۇ داستاننى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىپ داستاننىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. تۆۋەندە داستاننىڭ بىرقىسىم ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە كۆرۈپ باقىمىز.

«رابىيە - سەئىدىن» داستانى چوڭ ھەجىملىك يىرىك ئەسەر. يىرىك ئەسەرلەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ شېئىرى شەكىلدە يېزىلغان يىرىك ئەسەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش شائىردىن يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتۈش - پۈتمەسلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد زىيائىي ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرالىغان. ئەسەرنىڭ سۇژىتىنى تەشكىل قىلىدىغان

ئېپىك تەركىبلەرنى مەلۇم ئېستېتىك مەقسەتنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ماھىرلىق بىلەن تەشكىللىگەن. شۇڭا، ئەسەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ماھارەتلىرى يالغۇز باش تېمىنى گەۋدىلەندۇرۇش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىشىگە بىرخىل ئېستېتىك لەززەت بەخش ئېتىدۇ. شائىر ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا بايان ماھارەتلىرىنىڭ ئۈنۈمىدىن ياخشى پايدىلانغان، قىستۇرما بايان، چېكىنمە بايان شەكىللىرى ئارقىلىق بەزى تەپسىلاتلارنى يېزىپ، ئەسەرنى ئاز بولمىغان ئېسىل تەپسىلاتلار بىلەن بېيىتقان. شائىر يەنە ئەسەر قۇرۇلمىسىنى تەشكىللەشتە ئېپىك تەركىبلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ناھايىتى ئېسىل لىرىك تەركىبلەرنىمۇ ئورۇنلاشتۇرغان. سۇژىت تەركىبىدە ئېپىكا بىلەن بىللە ماڭىدىغان لىرىكا ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپكارلىقىنى ۋە ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

بىز ئالدىنقى ماۋزۇلاردا شائىرنىڭ لىرىكىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندۇق. ئۇ لىرىكىلار ھېسابتا داستاندىكى نىسپىي مۇستەقىل تەركىبلەردىن ئىبارەت ئىدى. شائىر داستاندا ئەنە شۇنداق نىسپىي مۇستەقىل لىرىكىلارنى بەرگەندىن سىرت، سۇژىت گەۋدىسىدە يەنە ئاز بولمىغان لىرىكىلارنىمۇ يازغان ھەم بۇ لىرىكىلارنى ئەسەردىكى ئېپىكا بىلەن بىر گەۋدە قىلىۋەتكەن. لىرىكا بىلەن ئېپىكىنى بىرلەشتۈرۈپ يېزىش داستاندا ئىزچىللىشىپ بارىدۇ ھەم داستاننىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، لىرىكا بىلەن ئېپىكنى بىرلەشتۈرۈپ يېزىش بۇ داستاننىڭلا ئالاھىدىلىكى ئەمەس، بۇنى پۈتۈن ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەمما، «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدا بۇنداق بىرلەشتۈرۈش ناھايىتى گەۋدىلىك ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان.

داستاندىكى لىرىك تەركىبلەرنىڭ مەزمۇنى نىسبەتەن مول،

لىرىكىلارنىڭ بەزىلىرىدە شائىرنىڭ داستاندىكى ھالقىلىق مەسىلىلەرگە بولغان ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، يەنە بەزىلىرىدە شائىرنىڭ ئادەم ھەققىدىكى، ھاياتلىق ھەققىدىكى، جەمئىيەت ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى ئىپادىلەنگەن، يەنە بەزىلىرىدە شائىرنىڭ كلاسسىك شەكىلدە ساقىيغا ياكى يارغا قىلغان مۇراجىئىتى ئىپادىلەنگەن، يەنە بەزىلىرىدە شائىرنىڭ مىللەت، ۋەتەن ھەققىدىكى قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇنداق ھەرخىل مەزمۇندىكى لىرىكىلار ئەسەرگە كۈچلۈك لىرىك كەيپىيات بەخش ئەتكەن. شۇنداق بولغاچقا، مەزكۇر ئەسەر لىرىكىغا باي داستان بولۇپ پۈتكەن. داستاندىكى لىرىك تەركىبلەر ئىچىدە ئادەم ھەققىدە يېزىلغانلىرىنىڭ بىرى مۇنداق:

تۆرەلگەندۇر ئەجەب فىترەتتە ئادەم،
ئۇنىڭدا كۆپلىگەن سىر يوشۇرۇنغان ھەم.
كۆرۈش، ھىدلاش، تۇتۇش، تېتىماق ۋە ئاڭلاش،
ئەقىل، ئىدراك، خىيال، ئىلھام ۋە ئويلاش.
بۇلارنىڭ بارلىقى كىشىدە يىغىلغان،
ئۇلۇغ بولغان شۇڭا ھەممىدىن ئىنسان.
ئاجايىپتۇر ئۇنىڭكى ئەسلى زاتى،
كىچىكلىك بىرلە مەشھۇردۇر سىفاتى.
ئېرۇر بىر زەررە، چوڭ جىسىملار قېشىدا،
ۋە لېكىن كاتتا سىرلار بار بېشىدا.
كىچىكتۇر ئۇ ۋە لېكىن بارچىدىن زور،
شۇڭا ئۇدۇر تەكەببۇر ھەمدە مەغرۇر.

شائىرنىڭ تەسۋىرلەش سەنئىتىمۇ كىشىنى ئىختىيارسىز قايىل قىلىدۇ. تەسۋىرلەش بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئەڭ ئاساسلىق

ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق بېرىلىشى ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئەھمەد زىيائىي ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى پاساھىتىنى ئەسەردىكى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىمۇ نامايان قىلغان. يۇقىرىدا رابىيە ئوبرازى ھەققىدە توختالغان چېغىمىزدا، شائىرنىڭ رابىيەنىڭ پىروتوتىپىنى يارىتىشتا ئۇنىڭ پورترېت تەسۋىرىنى قانداق بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. شائىرنىڭ ئاشۇ تەسۋىرىنى ئەدەبىياتىمىزدىكى پېرسوناژلار پورترېتىنى تەسۋىرلەشنىڭ يۇقىرى پەللىسى، تىپىك مىسالى سۈپىتىدە كۆرۈپ، باھالىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شائىرنىڭ تەسۋىرلەش ماھارىتى داستاندىكى ھەربىر تەسۋىر ئارقىلىق نامايان بولۇپ بارىدۇ. شائىرنىڭ تەسۋىرلەشتىكى مۇھىم ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى پورترېتنى تەسۋىرلەش بولسا، يەنە بىرى پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر پېرسوناژلارنىڭ بولۇپمۇ باش قەھرىمان رابىيەنىڭ، سەئىدنىنىڭ روھى دۇنياسىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتە بۇنداق ھەم تېشىدىن، ھەم ئىچىدىن تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى ۋە بۇ ئىككىسى ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن پېرسوناژلار ئوبرازى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. شائىر داستاندا پېرسوناژلار تەسۋىرىدىن باشقا يەنە مۇھىت - تەبىئەت تەسۋىرىنى، ھەرىكەت - تىل تەسۋىرىنىمۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن يازغان. داستاندىكى تەسۋىرلەرنى ئومۇمەن پاساھەتلىك، چىن، جانلىق دەپ باھالاش مۇمكىن.

داستاننىڭ بايان ماھارەتلىرىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇ جەھەتتە شائىر كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن، بەزىبىر

يېڭىلىقلارنى يارانقان. شائىر دەسلەپتە لىرىك قەھرىمان — قىسسەخان بۇلبۇلنى ئۇتتۇرىغا چىقىرىپ ئۇنى ئەسەرنىڭ بايانچىسى قىلىدۇ. كېيىنچە قىسسەخان بۇلبۇل ئۆلگەندىن كېيىن يەنە بىر لىرىك قەھرىمان — مەن ئۇتتۇرىغا چىقىپ داستاننى شۇ بايان قىلىدۇ. بۇ بايانچى پۈتۈن ئەسەرنى ناھايىتى ياخشى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ بايانچى ئەسەردە ئوخشىمىغان روللارنى ئالىدۇ: بەزىدە پېرسوناژلاردىن كىچىك تۇرىدۇ، بەزىدە چوڭ تۇرىدۇ؛ بەزىدە پىرسوناژلار بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ ئەسەرنى بايان قىلىدۇ. باياننىڭ مۇنداق كۆپ خىل رول ئېلىشى ئەسەرنىڭ مۇكەممەل، تولۇق ئەسەر بولۇپ پۈتۈشىنى بەلگىلىگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داستاننىڭ بايان ماھارەتلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، شائىر ھاياجانلانغان ۋاقىتىدا باياننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئەسەرگە بىۋاستە ئارىلىشىپ، ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ھەققىدە بىۋاستە بايانلارنى بېرىدۇ.

شائىر داستاندا پىكىر - ئىدىيىنى، ئوي - مەقسىتىنى، ھېسسىيات - كەيپىياتىنى تىپىك ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىگە مۇراجىئەت قىلغان. شۇنداق بولغاچقا داستاندا بىرقانچە چۆچەك - مەسەل «ھېكايەت» نامى بىلەن بېرىلگەن. بۇ قىستۇرمىلارنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولغان، شائىر بۇ قىستۇرمىلار ئارقىلىق مەلۇم ئەخلاقى - پەلسەپىۋى پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن. مىسال ئۈچۈن كۆرۈپ باقىدىغان بولساق، رابىيە سەئىدىننى قۇتقۇزۇپ چىققاندىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا رابىيەنى قانداق باھالاش ھەققىدە ھەر خىل گەپ - سۆزلەر تارقالغانلىقىنى تەسۋىرلىگەندە، شائىر بوۋاي بىلەن ئوغلىنىڭ ئېشەككە مىنىشىنى باشقىلار باھالىغان مەسەلنى قىستۇرۇپ بېرىپ، ناھايىتى ياخشى بەدىئىي ئۈنۈم يارانقان.

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتە بىزنىڭ ئالدى بىلەن دىققىتىمىزنى تارتىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، شائىر داستاندا قەشقەرنىڭ يەرلىك، ئىخىز تىلىنى بىۋاستە ھەم كۆپ ئىشلەتكەن. بۇ خىلدىكى يەرلىك تىللار بىزگە ناھايىتى يېقىشلىق تۇيۇلىدۇ. سۆزلەرنى مۇنداق ئىشلىتىشتە بەلكىم شائىرنىڭمۇ ئويلىغان يېرى بولسا كېرەك. شائىر شېئىرى تىلنى ئىشلىتىشتە ئىزچىل پاساھەت قوغلىشىپ كەتمىگەن. لېرىك تەركىبلەرنى يېزىشتا سۆزلەر ئالاھىدە تاللىنىپ، تاۋلانغىنىنى بىلەن، ۋەقەلىكنى بايان قىلىشتا بەزى ھاللاردا ئادەتتىكى سۆزلەرمۇ ئىشلىتىلىپ، ئادەتتىكىچە مەنا ئۇقتۇرىدىغان مىسرالارمۇ تۈزۈلگەن. ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، داستاننىڭ تىلى يەنىلا پاساھەتلىك، تاۋلانغان، تاللانغان تىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داستاننىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەمەلىيەتتە يەنىلا تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

داستاندا ھەرخىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ناھايىتى ئۇنۇملۇك قوللىنىلغان. پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىغا كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىپ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئېنىق، ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەسەردە ئۇنىڭدىن باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرمۇ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىماگلارنى يارىتقان:

خىجالەتتىن گويا پاتتى قوياشمۇ،
قىزاردى كۆك كانارى، تاغۇ ـ تاشمۇ.
ئۇپۇقتا ھال شەپەقتىن سۇس قىزىل قان،
سۇر تولدى، ھازىدار ھەم بولدى ئاسمان.
قارا زۇلمەت بېسىپ كەلدى جاھانغا،

بۇ كۆكچى، بەس، پۈتۈن تولدى پىغانغا.

. . .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ئۆزىدە نۇرغۇن مەزمۇنلارنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەھمەد زىيائىي ئىجادىيىتىدە، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنداق بىر ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قوشۇمچە(1)

# ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى*

## 1. ئەدەبىي ئەسەرلىرى:

1. «گۈل ۋە بۇلبۇل» (داستان): ئەھمەد زىيائىي 13 يېشىدا پارس تىلىدا تاماملىغان.

2. «قارا كۆنلەر، نۇرلۇق ھايات» (دراما): 1938 - يىلى يېزىلغان.

3. «خائىن ۋاڭ جىڭۋېي» (دراما): 1938 - يىلى يېزىلىپ ئوينالغان.

4. «رابىيە - سەئىدىن» (ئوپېرا): 1943 -يىلى يېزىلىپ ئوينالغان.

5. «توزىماس چېچەكلەر» (شېئىرلار توپلىمى): 1947 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلغان، 1963 - يىلى يەنە مىسىردا ئەينەن نەشر قىلىنغان.

6. «لاداخ يولىدا كارۋان» (ساياھەت خاتىرىسى): 1947 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلغان، شۇ مەزگىللەردە خەنزۇ، ئىنگلىز، رۇس، ئوردۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان.

---

* مۇھەممەت تۇرسۇن سىدىق تەييارلىغان: «كىتاب مۇنبىرى» 1999- يىللىق 3-، 4- قوشما سانىدا.

7. «رابىيە ـ سەئىدىن» (شېئىرىي رومان) : 1985-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

8. «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى» (شېئىرلار ۋە ماقالىلەر توپلىمى) : 1987 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

9. «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۇسۇپ ۋە مەھمۇت» (تارىخىي داستان) : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

10. «تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» (تارىخىي رومان) : يېزىشنى باشلىغان، ئەمما تاماملانمىغان.

## 2. ئىلمىي تەتقىقات ماقالە ـ ئەسەرلىرى :

1. «مەدەنىيەت ۋە يېڭى قۇرۇلۇش» : «شىنجاڭ گېزىتى» 1943- يىل 15 ـ فېۋرال سانى.

2. «ياش يازغۇچىلارغا پىكىر» ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1943- يىلى نويابىردىكى سانلىرى.

3. «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىدا بولغان خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى» : «شىنجاڭ گېزىتى» 1954 ـ يىل 13 ـ ماي سانى.

4. «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» (پۇبلىستىك ئەسەر) : 1947 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلغان.

5. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئېقىمى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز» : «شىنجاڭ گېزىتى» 1957 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈندىكى سانى.

6. «تارىخىي مىراس ـ ‹قۇتادغۇ بىلىك› توغرىسىدا» : «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 ـ يىللىق 4 ـ سان.

7. «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت

تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1984 ـ يىلى 11 ـ سان.
8. «قۇتادغۇ بىلىك» كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل؟»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987ـ يىلى 1 ـ سان.

## 3. نەشرگە تەييارلىغان كلاسسىك ئەسەرلەر:

1. «رابىيە ـ سەئىدىن» (ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەسىرى): «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» 1957 ـ يىلى 6 ـ سان.
2. «زەپەرنامە» (موللا شاكىرنىڭ ئەسىرى): «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» 1957 ـ يىلى 7ـ، 8ـ، 9ـ سانلىرى.
3. «قۇتادغۇ بىلىك»: باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تەييارلىغان، 1984 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.
4. «غازات دەر مۈلكى چىن»: جۈنەيد بەكرى بىلەن بىرلىكتە تەييارلىغان.

## 4. تەرجىمە ئەسەرلىرى:

1. «رەۋزەتۇسسەفا ‹دوستلار گۈلىستانى›»: پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان.
2. «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»: تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغان.
3. «‹قۇتادغۇ بىلىك› ئىندېكسى»: تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغان.
4. «‹قۇتادغۇ بىلىك› ئىنجۇمەلىرى»: تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغان.
5. «بۈيۈك ھۇن ئىمپېراتورلىقى»: تۈركچىدىن تەرجىمە

قىلغان.

6. «تارىخىي رەشىدى»: پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان.

يۇقىرىقى تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلەنگەن.

## قوشۇمچە (2)

# پايدىلىنىلغان ماتىرىياللار

1. «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى» : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشرى.

2. ئەھمەد زىيائىي: «رابىيە - سەئىدىن» داستانى. مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى.

3. ئەھمەد زىيائىي: «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى - يۇسۇپ ۋە مەھمۇت» (داستاندىن پارچە) شىنجاڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى باستۇرغان، 1989- يىلى باسمىسى.

4. «ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى» دىلدار ئەزىز نەشرگە تەييارلىغان. «شىنجاڭ تارىخ ماتىرىياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 28-سانى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى.

5. تاھىر تالىپ: «ئالىم ۋە ئەدىب موللاخۇن ھاجىم توغرىسىدا» «يېڭىشەھەر تارىخ ماتىرىياللىرى» 1- توپلام.

6. ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن: «توزىماس چېچەكلەر» (ماقالە) . «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1988- يىللىق 6- سانىدا.

7. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئەھمەد زىيائىيۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» . «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998- يىللىق 2- سانىدا.

8. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئەھمەد زىيائىينىڭ ‹رابىيە - سەئىدىن› داستانى ھەققىدە تەتقىقات» . «قەشقەر پىداگوگىكا

ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998- يىللىق 2- ساندا.
9. ھەبىبۇللا ئابدۇسالام: «ئەھمەد زىيائىي ۋە ئۇنىڭ يېزىپ تاماملانمىغان تارىخىي رومانى - ‹تۆت قېتىم ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم› توغرىسىدا». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1998- يىللىق 4- ساندا.
10. ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996- يىلى نەشرى.
11. نۇر مۇھەممەد زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4- قىسىم) شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1986- يىلى نەشرى.

[General Information]
书名=艾合麦德·孜亚依  维吾尔文
SS号=40300703